# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

16



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ISBN 978-7-228-12025-3

9 787228 120253 >

定价：12.00 元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

**16**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 16:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978—7—228—12025—3

Ⅰ.维… Ⅱ.维… Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177990 号

| | |
|---|---|
| 策　　划 | 阿不都热合曼・艾白，艾合买提・伊明 |
| 责任编辑 | 艾合买提・伊明 |
| 责任校对 | 阿布勒孜・阿巴斯 等 |
| 封面设计 | 买买提・诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 5 |
| 版　　次 | 2008 年 11 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 11 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 16

نەشرگە تەييارلىغۇچى : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار : ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى : ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى : ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5
نەشرى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1—5000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—12025—3
باھاسى : 12.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



# مۇندەرىجە


ئۈچ دوست ........................ 1

ئەقىللىق كەنجى قىز ........................ 4

ۋاپادار ئەر - خوتۇن ........................ 9

شەيتاننىڭ تىجارىتى ........................ 27

پادىشاھنىڭ سالىمى ........................ 30

ئىشچان قىز ........................ 32

ئېرىڭ بولغان پېرىڭ بولۇر ........................ 42

ئالىيېشىل تۇخۇم ........................ 49

پادىشاھنىڭ ئەندىشىسى ........................ 57

يامان ئوغرى ........................ 59

يېرىم پۇرچاق ........................ 71

خاسىيەتلىك دورا ........................ 76

نەيرەڭۋاز ........................ 102

تەۋەككۇل ئوغرى بىلەن شاھزادە ........................ 122

نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك ........................ 136

ھۇرۇننىڭ بايلىققا ئېرىشىشى ........................ 140

بەخت قۇشى ........................ 145

تۆت ساندۇق ........................ 148

# ئۈچ دوست

بۇرۇنقى زاماندا ئۇزۇن قول، يوغان باش ۋە ئۆتكۈر كۆز، دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ كىشى ئۆتكەنىكەن. بۇلار دوست بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆتكۈر كۆز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، يىراق بىر يەردە بىر توپ يىلقا ئوتلاۋاتقۇدەك. بۇلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ ـ دە، شۇئان:

— ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن كۆپ يىلقا بۇ ! دوستلىرىم، چاققان مەيەرگە كېلىڭلار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ يوغان باش بىلەن ئۇزۇن قول يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ:

— ئامال قىلىپ ئاشۇ يىلقىلارنى ئەكېلەيلى، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ. ئۇلار ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۆتكۈر كۆز «ئۇياققا، بۇياققا» دەپ ئىشارەت قىپتۇ. ئۇزۇن قول قولىنى بىر سوزۇپلا ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يىلقىلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي تۇتۇپ كەپتۇ. بۇ يىلقىلارنىڭ ھەممىسى ياش ئارغىماقلار ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ ئۈچ دوستنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپتۇ ـ دە: «ئەمگەكنى مەن قىلدىم، ئۇلارنى مەن تۇتتۇم» دەپ، ئۆزئارا تالىشىپ قاپتۇ. مۇشۇنداق جېدەللىشىۋاتقاندا، يىراقتىن چاڭ كۆتۈرۈلۈپ بىر توپ ئاتلىق لەشكەرلەر كېلىپ قاپتۇ. بۇ ئۈچ دوست ئۇلارنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ، يىلقا تۇگۇل جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەس بوپتۇ. بۇ

چاغدا ئەقىللىق يوغان باش بېشىدىكى تۇمىقى بىلەن نەچچە يۈز يىلقىنى باسۇرۇپ، يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. يېتىپ كەلگەن لەشكەرلەر قىلمىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھەيۋە قىلىپ:

— پادىشاھنىڭ يىلقىلىرىنى قاراقچىلار بۇلاپ كېتىپتۇ. سىلەر ئۇلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟ دەل مۇشۇ تەرەپكە قېچىپتىكەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۈچ دوست ئۇلارغا تەزىم قىلىپ:

— جانابلار، ئۇ قاراقچىلار تېخى ھېلىلا مۇشۇ تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

لەشكەرلەر ئالدىراپ-سالدىراپ ھېلىقى تۇماقنىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپتۇ، ئەمما ھېچ نەرسىنى تاپالماي قايتىپ كېتىپتۇ. شۇ ھامانلا ئۇزۇن قول بىلەن ئۆتكۈر كۆز تۇماقنىڭ ئاستىدىكى يىلقىلارنى تالىشىشقا باشلاپتۇ، تىللىشىپتۇ. ئاخىر ئۇزۇن قول ئۆتكۈر كۆزنى ئېيىق تاپىندەك ئالىقانلىرى بىلەن راسا كاچاتلاشقا باشلاپتۇ. ئۆتكۈر كۆز ئۇزۇن قولغا تەڭ كېلەلمەي قېچىپتۇ. ئۇزۇن قول قوغلاپتۇ. ئۆتكۈر كۆز قېچىپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا چوڭ بۇرۇن ئۇچراپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۆتكۈر كۆزنىڭ يۈرىكى بىر ئاز جايىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ يوغان بۇرۇنغا يېلىنىپ-يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— دوستۇم يوغان بۇرۇن، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن! كەينىمدىن ئۇزۇن قول قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ...

ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، رەھىمى كەلگەن يوغان بۇرۇن:

— ماقۇل، ئۇنداقتا مەيەرگە كىرىۋال، — دەپ، ئۇنى بۇرنىنىڭ بىر تۆشۈكىگە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر يوغان قارىغاينى كۆتۈرگەن ئۇزۇن قولمۇ ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ كەپتۇ-دە:

— قېنى ھېلىقى ئۆتكۈر كۆز؟ ئۇنى نەگە يوشۇرۇپ قويدۇڭ؟ — دەپ يوغان بۇرۇنغا ۋارقىراپتۇ. قورقۇپ كەتكەن

يوغان بۇرۇن:

— ۋاي تەقسىر، ئۇ بۇ غارغا كىرىپ كەتكەنىدى، — دەپ، ئالدىراشچىلىقتا بۇرنىنىڭ يەنە بىر تۆشۈكىنى كۆرسى-تىپتۇ. يوغان بۇرۇننىڭ ئىككى تۆشۈكىدىن كىرىپ، قاڭشاردا ئۇچرىشىپ قالغان ئۆتكۈر كۆز بىلەن ئۇزۇن قول دەھشەتلىك ئۇرۇشۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ تەسىرىدىن بۇرنى ئاغرىپ، قى-چىشىپ كەتكەن يوغان بۇرۇن بىر چۈشكۈرگەنىكەن، ھېلىقى مۇشتلىشىۋاتقان ئىككىسى يەرگە «پوككىدە» چۈشۈپتۇ - دە، يوغان بىر تاشقا تېگىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ھەممە يىلقىلار يوغان باشقىلا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خۇشال - خۇرام، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.



# ئەقىللىق كەنجى قىز

بۇرۇنقى زاماندا، غەرب تاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن، ئۇ-نىڭ بەش قىزى بار ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ قىزلارمۇ چىرايلىق ئۆسۈپ بويىغا يېتىپ-تۇ. شۇ يۇرتنىڭ خىلۋەت بىر يېزىسىدا ھەمرا ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ، قىزلارغا ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ، ئۇلار ئىچىدىن بىر ئەقىللىق قىزنى تاللاپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قى-لىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ قايسى قىزنىڭ ئەقىللىق ئى-كەنلىكىنى سىناپ بېقىش ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ ۋە ئاخىر چارە تېپىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئالتۇن ئۈزۈك ئاپتۇ ۋە ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆل بېشىدىكى سۆگەت شېخىغا شولىسى سۇغا چۈشۈپ تۇرىدىغان قىلىپ ئىلىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى قىزلارنىڭ چوڭى كۆل بويىغا سۇغا چىقىپتۇ، ئۇ سۇ ئالاي دەپ كۆلگە شۇنداق قارىغانىكەن، بىر ئالتۇن ئۈزۈك ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپتۇ. ئۇ قىز خۇشال بولۇپ، ئۈزۈكنى سۇزۇۋالاي دەپ، قولىنى سۇغا سالغانىكەن، سۇ بىر داۋالغۇپلا ئالتۇن ئۈزۈك كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سۇ جىم بول-غاندىن كېيىن قارىسا، ئالتۇن ئۈزۈك يەنە كۆلدە پەيدا بوپتۇ. ئۇ يەنە قولىنى سۇغا ساپتۇ، لېكىن ئالتۇن ئۈزۈك يەنە كۆز-دىن غايىب بوپتۇ. بۇ قىز شۇنچە ھەپىلىشىپمۇ ئۈزۈكنى

ئالالماي، سۇيىنى ئېلىپ ھەسرەت بىلەن ئۆيگە قايتىپتۇ.

ئەتىسى ئىككىنچى قىز سۇغا چىقىپتۇ. ئۇمۇ كۆل بويىغا كېلىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، كۆلدە بىر ئالتۇن ئۈزۈك تۇرغۇدەك، ئۇمۇ قولىنى سالغانىكەن، سۇ بىر داۋالغۇپلا ئالتۇن ئۈزۈك كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سۇ جىم بولغاندا قارىسا، ئۈزۈك يەنە سۇدا پەيدا بوپتۇ. ئۇ يەنە بىرھازاغىچە ئاۋارە بوپتۇ، لېكىن ئۈزۈكنى تاپالماپتۇ.

يەنە بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، سۇغا چىقىش نۆۋىتى ئۈچىنچى قىزغا كەپتۇ. ئۇمۇ كۆل بويىغا كېلىپ شۇنداق قارىسا، كۆلدە بىر ئالتۇن ئۈزۈك تۇرۇپتۇ. ئۇمۇ ئاچىلىرىدەك سۇغا قول سېلىپ، ئۈزۈكنى سۇزۇۋالماقچى بوپتۇ، لېكىن ئۇمۇ ئۈزۈككە ئېرىشەلمەي سۇيىنى ئېلىپ قايتىپتۇ.

تۆتىنچى قىزمۇ ئۈزۈكنى ئالالماپتۇ. ئەمدى سۇغا چىقىش نۆۋىتى كەنجى قىزىغا كەپتۇ. ئۇ كۆل بويىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، كۆلدە بىر ئالتۇن ئۈزۈك كۆزىگە چېلىقىپتۇ. ئۇمۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سۇغا سالغانىكەن، ئالتۇن ئۈزۈك يوق بولۇپ كېتىپتۇ. كەنجى قىز ئويلىنىپتۇ، سىنچىلاپ سۇغا قاراپ، ئۈزۈكنىڭ سۇدا ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، سۆگەتكە شۇنداق قارىغانىكەن، سۆگەت شېخىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپتۇ. كەنجى قىز ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاپتۇ ـ دە، خۇشال بولۇپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي سۇيىنى ئېلىپ ئۆيگە راۋان بوپتۇ.

قىزنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكنى ئەكەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر چوڭ ئاچىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچىلىرى ئالتۇن ئۈزۈكنى سىڭلىسىدىن تارتىۋېلىشنى ئويلىشىپتۇ، لېكىن ئۇلار ئۈزۈكنى تارتىۋالالمىغاندىن كېيىن تولىمۇ ھەسەتخورلۇق قىلىشىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا: «كەنجى

سىڭلىمىز يامان يولغا مېڭىپ قاپتۇ، بىر گاداي بىلەن توي قىلماقچى بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكىنى ئاپتۇ» دەپ، چېقىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ، قىزىغا ئاھانەت قىلىپ:

— ھەي يۈزى قېلىن، نېمىشقا بىر يالاڭ تۆش بىلەن توي قىلماقچى بولدۇڭ؟ باي باينىڭ قاياشى، كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى. سەن بىزنىڭ يۈزىمىزنى چۈشۈرۈپسەن، يوقال كۆزىمىزدىن! سەندەك قىزىمىز يوق، ماڭ، شۇ گاداي بىلەن نەگە بارساڭ بار! — دەپتۇ. كەنجى قىز ئازابلىنىپ:

— ھۆرمەتلىك دادا، ئانا، ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن باشقىلاردىن ئۈزۈك ئالمىدىم، بۇ ئۈزۈكنى كۆل بويىدىكى سۆگەتتىن ئالدىم، — دەپتۇ.

بىراق، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەي، ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

بۇ بىچارە قىز ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى يوق كۆز يېشى قىلغان پېتى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كۆل بويىغا كەپتۇ. كۆل بويىدا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئولتۇرغانىكەن. بۇ قىزنىڭ يىغلاپ تولىمۇ ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بوۋاي مۇلايىملىق بىلەن:

— نېمانچە قايغۇرىسىز، قىزچاق؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز بوۋايغا كۆل بويىدىن ئالتۇن ئۈزۈك تېپىۋالغانلىقىنى، كېيىن ئاچىلىرىنىڭ قىلغان يامانلىقىنى، نەتىجىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ:

— قايغۇرماڭ، قىزچاق، يۈرۈڭ، مەن بىلەن مېڭىڭ، ماڭا يېتىشەلىسىڭىز، بىللە مېڭىڭ، يېتىشەلمىسىڭىز، ھاسام-

نىڭ ئىزىغا قاراپ ماڭسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ ۋە ھاسىغا تايانغىنىچە مېڭىپتۇ. قىز بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، لېكىن بىردەمدىن كېيىن بوۋايغا يېتىشەلمەي يىراقتا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ھاسىنىڭ ئىزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. چۆلدە يالغۇز قالغانلىقىدىن قورقۇپ يىغلاپتۇ. ئۇ يىغلىغان پېتى ھاسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئالدىغا قاراپ مې-ڭىۋېرىپتۇ. بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ مەھەللىدە چىرايلىق بىر ئۆي بولۇپ، ئىشىك ئال-دىدا بىر كىشى تۇرغانىكەن. قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھاسىغا تايىنىپ ئۆتكەن بوۋاينى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىزنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا ئۆيدىن چىرايلىق بىر يىگىت چىقىپتۇ. قىز سىنچىلاپ قارىسا، بۇ يىگىت ھې-لىقى ھاسىغا تايانغان بوۋايغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىپتۇ. يىگىت



تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن:

— قىزچاق، كېلىڭ، ئۆيگە كىرىڭ ! — دەپتۇ.

قىز بۇ يىگىتنىڭ تولىمۇ قىزغىن، سىلىق مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، ئۆيگە كىرىپتۇ. يىگىت قىزغا:

— قايغۇرماڭ، مانا بۇ ھەم سىزنىڭ ئۆيىڭىز، ھەم مېنىڭ ئۆيۈم بولىدۇ، — دەپتۇ. قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران بولۇپ:

— قانداقسىگە مېنىڭ ھەم سىزنىڭ ئۆيىڭىز بولىدۇ؟ — دەپتۇ. يىگىت قىزنىڭ دەرگۇماندا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— ئىسمىم ھەمرا. سىلەرنىڭ بەش ئاچا - سىڭىلنىڭ ئىچىدىن ئەقىللىق بىر قىزنى ئۆزۈمگە لايىق تاللىماقچىدىم. قايسىڭلارنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭلارنى سىناش ئۈچۈن ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆل بويىدىكى سۆگەت شېخىغا ئىلىپ قويۇپ، بىر دالدىدا مۆكۈپ تۇرغانىدىم. ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاخىر سىز ئالغاندىن كېيىن، بوۋايدەك ياسىنىپ، كۆل بويىدا يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدىم. سىز ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، مەن سىزنى ئۆز ئۆيۈمگە باشلاپ كەلدىم. قىزچاق، مەن ئويلاپ يۈرگەن چىرايلىق، ئەقىللىق قىز سىز بولىسىز.

قىز ھەمرانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەم خۇشال بوپتۇ، ھەم ئىزا تارتىپ يەرگە قاراپتۇ. كەنجى قىز يىگىتنىڭ تولىمۇ سەمىمىي - سادىق ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، ھەمرا بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار خۇشال - خۇرام توي قىلىپ، بىر - بىرىگە سادىق بولۇپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

# ۋاپادار ئەر-خوتۇن

ئۆتكەن زاماندا ھوشۇر باي دېگەن قاسساپنىڭ بارات ئاخۇن دېگەن بىر خىزمەتچىسى بار ئىكەن. بارات ئاخۇننىڭ يېشى ئون بەشتىن ئاشقان توختىخان دېگەن چىرايلىققىنا بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز راۋابقا ئۇستا، ئەقىللىق، چېچەن ھەم گەپچى ئىكەن. شۇ كۈنلەردە ھوشۇر باي قوي سويغاندا پوكانچىلىق قىلىدىغان، قولى بوشىغاندا كوچىدا كاۋاپچىلىق قىلىدىغان توختى دېگەن ياشقىنا بىر يىگىت ئۇلارغا قوشنا بولۇپ كۆچۈپ كەپتۇ.

توختىخان ھەر كۈنى ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن راۋاب چالىدىكەن. توختى كۈنلەر ئۆتۈپ قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. يىگىت ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغان، رەڭگىرويى، بوي - تۇرقى كېلىشكەن بولغاچقا، قىزمۇ يىگىتنى پات - پات كۆرمىسە ئىچى پۇشىدىغان بولۇپ قاپتۇ. توختى قىزنىڭ ئۆيدە بولمىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىپتۇ. خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن يىگىتمۇ راۋاب چېلىشنى خېلى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قاپتۇ. بىر كۈنى توختى راۋاب چېلىپ ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۇ چاغدا قىز راۋابنى تىڭشاپ تۇرغانىكەن، راۋابنىڭ ئاۋازى پەسلەپ توختىغاندىن كېيىن قىز ئاستا ئۆيگە كىرىپ قارىسا، توختى راۋابنى قۇ-

چاقلاپ ياتقان. قىز تۇيدۇرماي يىگىتنىڭ قولىدىن راۋابنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان پەدىسىگە چاپتۇ. يىگىت ئويغىنىپ قارىسا قولىدا راۋاب يوق، قىز راۋاب چېلىپ ئولتۇرغان. راۋابنىڭ ئۇنلۇك، مۇڭلۇق ساداسىغا ئەگىشىپ يىگىت بۇ قوشاقنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپتۇ:

مەن كەمبەغەل ئۆيۈمدە،
دەرد ـ ئەلەملىك كۆڭۈمدە،
سېنى خۇش قىلاي دېسەم،
ھېچ نەرسە يوق قولۇمدا.
قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسىنى
مەن ساڭا قويالمايمەن.
سەن مېھرىبان قىزچاققا
بىر توخۇ سويالمايمەن.
بۇ ھويلىغا كەلگىلى
بىر يىلچە بولۇپ قالدى.
سەن جانانىڭ دەردىدە
يۈرىكىم كاۋاپ بولدى.
ياد ئېتىپ غەزەل ئوقۇپ،
چېلىشىم راۋاب بولدى.
غۇنچە بويلۇق جانان قىز
ئاي يۈزۈڭگە قاراتتىڭ.
راۋابنى قولدىن ئېلىپ،
شوخ بۇلبۇلدەك سايراتتىڭ.

قىزنىڭ يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ، راۋابنى قويۇپ، چېچىنى ئويناپ، يەرگە بىرئاز قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن كۆزىنى يىگىتكە تىكىپتۇ. يىگىتنىڭ كۆزى قىزغا تىكىلىپتۇ. ئىككى



كۆز بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ سىرداشقاندىن كېيىن، قىز يەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپتۇ. يىگىت راۋابنى قولىغا ئېلىپ:

بۇ راۋابنى ئالسىڭىز،
زەخمەك ئۇرۇپ چالسىڭىز.
كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتىپ،
يۈرىكىمگە ئوت سالسىڭىز.

دېگەن بېيىتنى ئوقۇپ، راۋابنى قىزغا سۇنۇپتۇ. قىز راۋابنى ئېلىپ مۇڭلۇق ناخشا بىلەن ئۆز دەردىنى بايان قىپتۇ:

ئېيتالمىدىم زادىلا
خىجىللىقتا سۆزۈمنى.
باشقىنى ئويلىمايمەن،
سىزگە بەردىم كۆڭلۈمنى.
بۇگۈن ئالدىم راۋابنى،
بار دەردىمنى ئېيتىمەن.
سىز بىلەن قوشۇلغاندا
مەن مۇرادقا يېتىمەن.
تاڭ سەھەرنىڭ شامىلى
قىزىلگۈلنىڭ ئاشىقى.
شامالغا تەزىم قىلۇر
مۇھەببەتنىڭ مەشۇقى.
ئاق كۆڭۈللۈك ئەي يىگىت،
سىزنى كۆپ ياد ئېتىمەن.

ئٮشكٮڭٮزگە مٮڭ بېرٮپ
سٮر ئېيتالماي كېتٮمەن.
نەچچە يەردٮن مەن ئۆچۆن
سوۋغا ـ سالام كەپتۆمٮش.
«توختٮخاننى بەرسۆن» دەپ
مېنٮڭ ئاتامغا دەپتۆمٮش.
ئاڭلٮشٮمچە، يېقٮندا
باي ئوغلٮغا بەرگۆدەك.
توي قٮلٮمٮز دېيٮشٮپ
ئٮمام، مەزٮن كەلگۆدەك.
ئۆچ كۆن بولدى بۆ گەپنى
قەمبەرخاندٮن ئاڭلٮدٮم.
ئاتامغٮمۆ دېمٮدٮم،
تۆزۆك تاماق يېمٮدٮم.
كېچٮلٮرى ئۆخلٮماي
قانلار يۆتۆپ يٮغلٮدٮم.
بۆ تەلٮيٮم كاج تەلەي،
نە قٮلارنى بٮلمٮدٮم.
باي ئۆيٮدە ئۆمرۆم ئۆتتى،
يۆندى تۆكۆپ كۆنۆم كەتتى.
يېشٮم ئون بەشكە كەلگەندە
شۆم خەۋەر ماڭا يەتتى.
ئالتە ياشلار چېغٮمدا
ئانام سەيدەم ئۆلۆپ كەتتى.
شۆندٮن بېرى ئاشۆنداق
يېتٮملٮك ماڭا يەتتى.

مەن ئۆزۈم مىسكىن بالا،
يامانلىقنى بىلمەيمەن.
تارتقان كۈنۈم بەك ئېغىر،
يالغان گەپنى دېمەيمەن.
ئۆلسەم مەيلى ئاچلىقتا،
باي ئوغلىغا تەگمەيمەن.
قانچە زۇلۇم تارتسامۇ
بايلارغا خوش دېمەيمەن.
مىڭ تۈرلۈك دەرد - ئەلەمدىن
بىر - ئىككىنى دەپ قويدۇم.
بۇ بېيىتىمنى ئوقۇپ مەن
راۋابىمنى چېپ قويدۇم.
ھەر ۋاقىت بىكار بولساق
سۆزلىشىپمۇ تۇرارمىز.
ئىككىمىز چىڭ بىرلىشىپ
مەقسەتكىمۇ يېتەرمىز.

ئۇلار ھەر ئاخشىمى شۇ ۋاقىتتا كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا ۋەدى-
لىشىپتۇ. يەتتە - سەككىز كۈنگىچە شۇنداق كۆرۈشۈپ ھال -
مۇڭ ئېيتىپ يۈرۈشۈپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى قىزنىڭ دادىسى ئويغىنىپ قارىسا،
قىزى يېنىدا يوقمىش. ئۇ تالاغا چىقسا، توختىنىڭ ئۆيىدىن
ناھايىتى يېقىملىق راۋاب بىلەن ناخشىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى
ئاڭلىنىپتۇ. بارات ئاخۇن، توختى تېخىچە ئۇخلىماپتۇ، قىزىم
شۇ يەردە بولۇپ قالمىسۇن يەنە دەپ، يېقىن كېلىشىگە قىز-
نىڭ ئاۋازى چىقىپتۇ. ئاستىلاپ بېرىپ پەنجىرىنىڭ تۆشۈكى-
دىن قارىسا، توختى بىلەن توختىخان بىر - بىرىگە قارىشىپ
مېھمان كىشىلەردەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرغۇدەك. قىز توختىغا
قاراپ مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىۋاتقۇدەك:



قەغەز دېگەن نېپىز نەرسە
چەكمىگۈچە تېشىلمەس.
ئىچىمدىكى مەقسەتنى
دېمىگۈچە يېشىلمەس.
بىز باغلىغان مۇھەببەتنى
پولات قىلىچ كېسەلمەس.
بۇ كېچە قاراڭغۇدا
ئوبدان سۆزلىشۋالدۇق.
راۋابنى خۇش سايرىتىپ
تۆت پەدە چېلىشۋالدۇق.

قىزنىڭ دادىسى قىزىنىڭ توختىغا كۆڭلى چۈشكەنلىكەن، قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن باينىڭ ئوغلىغا لايىق كۆرگەن تۇرسام، بۇ قانداق ئىش، دەپ تۇرۇشىغا، يىگىت ناخشا باشلاپتۇ:

قەغەز نېپىز كۆرۈنىدۇ
تۇتقۇچە تېشىلگۈدەك.
خېلى سۆزلىشىۋالدۇق
كۆڭلىمىز يېشىلگۈدەك.
سىزنى كۆرگەندىن بېرى
كۆڭلۈم بەكمۇ خۇش مېنىڭ.
جاپادىن قۇتۇلغاندەك
پۇت - قوللىرىم بوش مېنىڭ.
ئەگەر بىر كۈن ئاتىڭىز
بايىنىڭ ئوغلىغا بەرسە.
ئاتىڭىزغا ئەپ بېرەر
باي ئوغلى خۇرۇم مەسە.
قانداق قىلاي ئۇ ۋاقىتتا
يالغۇزلۇق ماڭا كەلسە.
پۇلى نۇرغۇن بايلىرىم
تويغا قوينى سويىدۇ.
ئاتىڭىزنىڭ ئالدىغا
تۇماق، تونىنى قويىدۇ.
بۇ كۈنى نىكاھ قىلىپ،
ئۆيىگە ئېلىپ ماڭىدۇ.
پېقىر توختى شۇ كۈندە
يالغۇز ئۆيدە قالىدۇ.
دەردىڭىزدە كۆپ يىغلاپ
يىراققا يول سالىدۇ.
سىزنى ھەر چاغ ياد ئېتىپ
بۇ راۋابنى چالىدۇ.

شۇ كۇنلەرنى ئويلىسام
يىغا كېلەر كۆزۈمگە.
سىزگە تۇرۇپ قارىسام
نۇر ياغىدۇ يۈزۈمگە.
مەن ئولتۇرۇپ ئويلىسام
غېرىب بولۇپ چۆللەردە.
بەلگە بەلۋاغ باغلىسام
ئاشۇ دەردلىك كۈنلەردە.
سىزنىڭ يوق ئىلاجىڭىز،
بېرىۋېتەر ئاتىڭىز.
ئۆز سىرىمنى ئېيتىشقا
يوق ئىكەن ئۆز ئانىڭىز.
قانداق چىداي، سىز يالغۇز
باي ئۆيىدە قالسىڭىز.
يەنە خۇشال بولىمەن
مېنى ئىزدەپ كەلسىڭىز.
بەك تەس قېچىش، قۇتۇلۇش
باي ئۆيىدە بولسىڭىز...

بۇنىڭدىن قىزنىڭ دادىسى بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلاشقانلىقىنى سېزىپ، مەن قىزىمنىڭ بەختىنى ئىزدەپ بايغا بېرەي دېسەم، بۇنىڭ ماڭا ئوخشاش ھېچ نەرسىسى يوق بىر گادايغا كۆڭلى چۈشۈپتۇ. توختىنىڭ ئۆزىگە پايدىسى يەتمىگەن تۇرسا، ماڭا قانداق پايدىسى تېگەر، دەپ ئويلاپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

مېنىڭ ئاتام رەھىم قىلماي
باينىڭ ئوغلىغا بەرسە.

باي ئوغلىغا مېنى بېرىپ
ئۆچىسىغا تون كىيسە.
باينىڭ ئوغلى بىر كۈنى
مېنى ئېلىپ كەتكەندە،
كېچىمەن مەن بۇ جاندىن
باي ئوغلىغا چۈشكەندە.
ئاتام شۇندا بىلىپ قالار،
باي قېنىمنى ئىچكەندە.
«قىزىڭىز شۇ توختىخان،
دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپتۇ»
ياكى «بوغۇلۇپ ئۆلۈپتۇ»
دېگەن خەۋەرنى ئىشىتكەندە.
ئاتامۇ ئارمان قىلار،
مەن ئالەمدىن كەتكەندە.
ئاتام ئۆيدە ئۇخلايدۇ،
مېنىڭ دەردىمنى ئۇقمايدۇ.
سىز توختىغا تەگسەممەن،
مۇرادىمغا يەتسەممەن.
راۋاب چېلىپ چۆللەردە،
بىرگە مېڭىپ يۈرسەممەن.
قىسقىغىنا ئۆمرۈمدە،
ئويناپ - كۈلۈپ ئۆتسەممەن.
مۇرادىمغا يەتمەيمەن
باي قولىدا ئۆلسەممەن.
ئاتام هازىر بولسىدى،
سۆزلىرىمنى ئۇقسىدى،
ئۆلۈشۈمنى بىلسىدى.
بايغا مېنى بەرگەندە.

توختى ئاكا، كۆڭلىڭىز
ھەرگىز يېرىم بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى،
قاساپ بېگىم ئۇقمىسۇن.
ئۇقۇپ قالسا ئاچچىقلاپ،
گېلىمىزنى بوغمىسۇن.
خوتۇنى يامان خوتۇن،
كەپكۇر بىلەن ئۇرمىسۇن.
باي ئۆيگە بارساممۇ،
ئۆلۈم دەپلا بارىمەن.
بويۇن سۇناي ئۇنىڭغا،
ئۆزۈمگە خەنجەر سالىمەن.
ھايات قۇتۇلسام ئەگەر،
سىزنى ئىزدەپ تاپىمەن.
تاپالمىسام بۇ يەردىن،
يۇرتتىن يۇرتقا چاپىمەن.
چاچلىرىمنى يوشۇرۇپ،
ئەركەك ئادەم بولىمەن.
قايسى جايدا بولسىڭىز،
ھايات بولسام بارىمەن.
مەن بايغا خوتۇن ئەمەس،
ئاتام زورلاپ بېرەلمەس.
مەن سىزنى تاپمىغۇچە،
كۆڭلۈم ئېچىلىپ كۈلمەس.
مېنى ئۇرۇپ ھەم زورلاپ،
مۇرادىغا يېتەلمەس.

قوللىرىمدىن سۆرەپمۇ
مېنى ئېلىپ كېتەلمەس.
ئېلىپ كەتسە تۇرمايمەن،
بايغا خوتۇن بولمايمەن.
توختى ئاكا، مەن سىزنى
ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن.
سىزدىن قېلىپ جاھاندا
بىر كۈنمۇ ياشىمايمەن.
مانا مېنىڭ سۆزۈم شۇ،
سىزگە بەرگەن ۋەدەم شۇ.

قىزنىڭ دادىسى قىزى بىلەن يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ، ئەمدى قاندان قىلىشىم كېرەك، بايغا بەرسەم قىزىمدىن ئايرىلىدىكەنمەن. توختىغا بەرسەم قانداق بولار، ئۇنىڭدا ئون تۆت يۇلغۇن زىختىن باشقا ھېچ نەرسە يوققۇ، دەپ



ئويلاپ تۇرۇشىغا، ئۆيدىن قىز بىلەن يىگىت چىقىپ ئۇنى كۆرۈپ، خىجىل بولغانلىقتىن تۇرۇپلا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ دادىسى باشقا گەپ قىلماي، قىزنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. قىز يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ. دادىسى:

— قىزىم، ئۇ بىر گاداي تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن بىر بولۇپ يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتقۇچە، ئۆزۈڭنىڭ بەختى ئۈچۈن بىر باي كىشىگە خوتۇن بولساڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. قىز ناھايىتى خىجىللىق بىلەن:

— باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاۋار - دۇردۇن كىيىپ كۈندە دەككە يېگەندىن، توختىنىڭ ئۆيىدە ماتا كىيىپ خۇشال يۈر-گىنىم ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. دادىسى، بايغا بېرىمەن دەپ ئويلىغىنىم خام خىيال ئىكەن، دەپ ئويلاپ، قىزىغا:

— بولىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ دېگىنىڭگە بېرەي، خاتىرجەم بول، — دەپتۇ. قىزنىڭ ئويىغا، دادامنىڭ مۇشۇ سۆزىنى ئاڭلاشقا پەنە-جىرىدە توختى بولسىدى، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسا ئىدى، دېگەن خىياللار كەپتۇ. دېمىسىمۇ قىزنى دادىسى يېتىلەپ كىرىپ كەتكەندە، توختى نېمە ئەھۋال بولاركىن، دەپ پەنجى-رىگە كېلىپ مارىلاپ تىڭشاپ تۇرغانىكەن. توختى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئاشىق - مە-شۇقنىڭ كۆڭلى تىنىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە كۈندە توختىخانغا بايلاردىن ئەلچى كېلىشكە ۋە قاسساپ باينىڭ بېشىنى گاڭگىرىتىشقا باشلاپتۇ، چۈنكى بۇ بايلار، بارات بولسا باينىڭ مالىيى، بايغا دېسەك، گادايىنىڭ ئىشىنى توغرىلايدۇ، دەپ ئويلىشىدىكەن. ھوشۇر قاسساپ توختىخاننى يۈز - ئابرۇيلۇق بىرەر بايغا بېرىپ ھەم ئابرۇي، ھەم پايدا تېپىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن پالەچ ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنىمۇ ئويلاپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى توختىخان باينىڭ

كالىسىغا ھەلەپ ئېتىپ ئېغىلدا تۇرسا، باينىڭ پالەچ ئوغلى يەر سىيپىلاپ قىزنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. باي ئۆز كۆڭلىدە قىزنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ، چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە، ئەگەر قىز ئوغلۇمغا بوي بەرسە ئېلىپ بېرىمەن، بولمىسا مەن ئۆلۈپ كەتسەم بۇ پالەچكە ئەل بولماي رەسۋا قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن. باينىڭ ئوغلى قىزغا قاراپ: «سىزنىڭ قولىڭىز ئاپئاق كۈمۈشكە ئوخشايدىكەن» دەپ، قىزنى گەپكە تۇتۇپ سۆيۈۋاپتۇ. قىز پالەچنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ ئىككى تەستەك ساپتۇ. پالەچ:

— مەن سېنى ئالغاندا ئەدىپىڭنى بېرىمەن! — دەپتۇ.

توختىخان:

— سەندەك پالەچكە تەگمەيمەن، سېنىڭ پۇلۇڭ قۇرۇسۇن، مەن سېنىڭ قولۇڭغا چۈشكۈچە ئۆلۈۋالىمەن، — دەپتۇ. باي بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقتىن، قىزنى تىرىك قولغا چۈشۈرگىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. ئۇ ئەلچى ئەۋەتكەنلەرنىڭ ئىچىدىن ياقۇپ پىخسىقنىڭ پۇلى كۆپ دەپ، توختىخاننى شۇنىڭ ئوغلى سەمەت گاچىغا بېرىشنى قارار قىپتۇ. ئۇنى بالىلار «سەمەت كېكەچ» دېيىشىدىكەن. بۇ كېكەچ ئۆزىنىڭ كېكەچلىكىگە قارىماي، ناخشا توۋلاپ زاڭلىشىپ يۈرىدىكەن. باي بىر كۈنى باراتنى چاقىرتىپ، توي توغرىسىدا سۆز ئېچىپتۇ:

— قىزىڭنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. ياقۇپباينىڭ سەمەت بايۋەچچە دېگەن بىر ئوغلى بار، شۇنىڭغا بەرسەك قانداق دەيسەن؟ ساڭا يۇقىرى مەھەللىدىكى ياخشى يەردىن ئون مو يەر، باغلىق بىر قورۇ - جاي، ئىككى ساغلىق قوي بېرىدۇ، ساغلىق قويلار تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. باي بولۇپ قالىسەن. سېنىڭ يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، دائىم مۇشۇنداق ئۆتۈ-

ۋەرسەڭمۇ بولمايدۇ، — دەپتۇ. بۇ سۆز بىلەن بارات ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقىنى سېزىپ:

— مەن يالغۇز قىزىمنى ئەرگە بەرمەيمەن، قىزىمنىڭ بويى ئۆسكىلەك بولغان بىلەن يېشى كىچىك. ئەگەر ئەرگە بەرسەم قىزىمنىڭ تەڭتۇشى، قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولىدىغان بىرىگە بېرىمەن، — دەپتۇ.

— قىلغان ياخشىلىقلىرىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ مېنىڭ تۇزۇمنى يېدىڭ، ئىككى ئېغىزلىق ئۆيۇمنى بەردىم. سەن مېنىڭ قېشىمدا بولغىنىڭ ئۇچۇن هال - ئوقتىڭ ئوبدان بولۇپ قالدى. سېنىڭ ئاتا - بوۋاڭمۇ مېنىڭ ئۆيۇمدە تۇزۇمنى يېگەن. مەن شۇلارنىڭ هۆرمىتىنى قىلسام بىلمەيۋاتىسەن. بىز يۇرت كاتتىلىرى بىلەن مەسلىهەتلىشىپ، باراتنى يەرگە قاراتمايلى دەپ، ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە گىلەملەرنىمۇ سېلىپ قويدۇق. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن توي قىلىمىز، — دەپتۇ باي. بارات ئاخۇن باينىڭ سۆزىگە كۆنمەپتۇ. باي ئاغزىغا كەلگىنىنى دەپ تىللاپ، باراتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ باراتنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان بىر قازان، بىر قۇم چۆگۈننى تارتىۋېلىپ، كونا يوتقان، بورا، يىرتىق كىگىزلىرىنى تاشقىرىغا تاشلاپ، كۆچ دېسە كۆچ دەپ قوغلاپتۇ. بارات بىلەن توختىخان ئەسكى - تۇسكى يوتقان - كۆرپىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كوچىغا چىقىپتۇ، قانداق قىلىشىنى بىلمەي كۆزىدىن ياش تامچىلىرى ئېقىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا قىز:

— دادا، رەنجىمەڭ، خاپا بولماڭ، قايغۇرماڭ، ئۆي تاپالمىساق گۈمبەزدە ياتارمىز. دادا، يۈرۈڭ بۇ تەرەپكە، — دەپ دادىسىنى باشلاپ مېڭىپتۇ. قىزنىڭ خىيالى، هېسسىياتى توختىدا ئىكەن. بۇلار كوچا ئارىلاپ مېڭىپتۇ. توختى كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقان يەرگە كەلگەندە، توختى قىزنى كۆرۈپ

دەرھال ئىشىنى تاشلاپ قىزنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، قىز كۆتۈرگەن يۈكنى كۆتۈرمەكچى بوپتۇ، قىز لېۋىنى چىشلەپ، «قايتىپ كېتىڭ» دېگەن ئىشارەتنى قىپتۇ. ئۇلار كوچىدا ئۇيان يۈرۈپتۇ، بۇيان يۈرۈپتۇ، ئاخىر ئېلاخۇنباي دېگەن كىشىنىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلىشىپتۇ. قىز ئېلاخۇنباينىڭ قوروسىغا ئورۇنلاشقانلىقىدىن توختىغا خەۋەر بېرىپتۇ. توختى ئالدىراپ - تېنەپ كاۋاپنى سېتىپ تۈگىتىپ، ھوشۇرباينىڭ ھويلىسىغا بېرىپ:

— باي ئاكا، مەن كۆچۈپ كېتىمەن، — دەپتۇ. ھوشۇرباي:

— نېمىشقا كۆچۈپ كېتىسەن؟ سېنىڭمۇ چورۇقۇڭ قورۇي دېدىمۇ؟ — دەپ تەنە قىپتۇ. توختى:

— مېنىڭ ئولتۇرغان ئۆيۈم زەي ئىكەن. بۇ ئۆي مېنى بېسىپ ئۆلتۈرىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنىڭدىن قورقتۇم. كۆچۈپ كېتىمەن، — دەپتۇ. ھوشۇرباي:

— سەن ئاتاڭنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ مېنىڭ پۇلۇم بىلەن ئۇزاتتىڭ، ئەگەر بەك كۆچۈپ كەتكۈڭ بولسا گەدىنىڭدىكى شۇ قەرزلىرىڭنى قايتۇر، — دەپتۇ.

توختى ئاتىسىدىن مىراس قالغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشلەپ تاپقانلىرىنى قوشۇپ، ئۆيلەنسەم لازىم بولار دەپ، ئازراق پۇل يىغىپ قويغانىكەن. توختى شۇ پۇللىرىنى بەرسىمۇ باي رازى بولماي، ئۇنىڭ كاۋاپدانلىرى بىلەن زىخلىرىغىچە تارتىۋېلىپ، ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئۇ ئېلاخۇنباينىڭ ئىشىكىگە بېرىپتۇ. ئېلاخۇنباي توختىنى كۆرۈپ، ئۆيىگە كىرگۈزمەي ھەيدىۋېتىپتۇ. ئاغىچە بارات چىقىپ:

— بۇ مېنىڭ ئىنىمنىڭ بالىسى، سىز بۇنى كىرگۈزمىسىڭىز بىزمۇ كېتىمىز، — دەپ پەش قىلىپ، ئاران دېگەندە ئۇنى ئېلىپ قاپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىلاخۇنباي قىزغا چاقچاق قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئىغىلدا قىزنى تۇتۇۋېلىپ، كۆكسىنى مىجىپ سۆيۈۋاپتۇ. بۇ ئەھۋال تەكرارلىنىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان قىز ئامالسىز دادىسىغا، توختىغا بولۇۋاتقان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. دادىسى كۆپ ئويلاپ تۇرماستىنلا، بىر مەزىن بىلەن ئۆزىنىڭ بىرنەچچە كەمبەغەل بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ قىزىنى توختىغا نىكاھ قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز - يىگىت مۇرادىغا يېتىپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي بارات كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. توختىخان ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپتۇ. شۇ چاغلاردا شەھەردە ئوغرى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. بايلار ھەر كۈنى بىر كەمبەغەلنى ياللاپ ئۆيلىرىنى كۆزەت قىلدۇرىدىغان بوپتۇ. ئىلاخۇنباي توختىنى نۆۋەتچى قىلىپ بىر كېچىسى كوچىغا چىقىرىپتۇ، توختى تاڭ ئاتقاندىلا ئۆيىگە قايتىپتۇ. قارىسا ئايالى توختىخان كىچىك بالىسىنىڭ جەسىتىنى باغرىغا باسقىنىچە ھوشىدىن كەتكەن، ئوتتۇرانچى بالىسى ئوچاققا چۈشۈپ ئۆلگەن، چوڭ ئوغلى «دادا ! ئاپا !» دەپ يىغلاپ تۇرغان. توختى ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئاز قاپتۇ. ئۇ توختىخاننىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ يۈرۈپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. توختىخان يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ۋەقەنى توختىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەسلىي ئىش مۇنداق بولغانىكەن: توختى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، شۇ مەھەللىدىكى قاسىم قورساق دېگەن باي بىر ياققا بارماقچى بولۇپ، ئىلاخۇنبايدىن توختىخاننى خوتۇنىغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن سوراپ كىرىپتۇ. توختىخان: «ئۈچ بالام بىلەن ئۆيىنى يالغۇز تاشلاپ بارالمايمەن» دەپ يالۋۇرسىمۇ، ئىلاخۇنباي ئۇنى بېرىشقا زورلاپتۇ. توختىخان: «خوتۇن كىشى خوتۇن كىشىنىڭ قاياشى، بارسام باراي، ئۆيدە توختى يوق» دەپ ئويلاپ، كىچىك

ئوغلىنى ئېلىپ قاسىم قورساقنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قاسىم قورساقنىڭ خوتۇنى پەردازلىرىنى قىلىپ بولۇپ، توختىخانغا: «مەن بۈگۈن كېچىنى باي ئادىشىم بىلەن ئۆتكۈزىمەن، سەن ئۇنىڭ مالىيى بىلەن ئۆتكۈزىسەن» دەپتۇ. توختىخان: «ئۆلۈمگە رازىمەنكى، مۇنداق ئىشقا رازى ئەمەسمەن» دەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى توختىخاننى زورلاپ كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. توختىخان باينىڭ خوتۇنىنى تېگىگە بېسىۋېلىپ تازا ساپتۇ. باينىڭ خوتۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ، توختىخانغا كۈچى يەتمەي ئۇنىڭ يەردە ئىڭراپ ياتقان بالىسىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە توختىخاننى شۇ ئۆيگە سولىۋاپتۇ. توختىخان بالىسىنى باغرىغا بېسىپ، تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن توختىخان بالىسىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆيدىكى ھادىسىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكەنىكەن.

بۇ ئىككى دەردمەن شەھەرنى تاشلاپ، كۈدە - كۆرپىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، شەھەرنىڭ ئەڭ يىراق يېرىگە جايلاشقان قەبرىستانلىقتىكى گۈمبەزگە بېرىپ جايلىشىپتۇ. توختى كۈندۈزى شەھەرگە كىرىپ كاۋاپچىلىق قىلىدىكەن، توختىخان بالىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئوتۇن تېرىيدىكەن. بىر كۈنى توختى شەھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ. توختىخان ئوتۇن تېرىشقا جاڭگالغا بېرىپتۇ. شۇ كۈنى باشقا بىر يۇرتنىڭ ھاكىمى شىكارغا چىقىپ، بىر كېيىكنى قوغلاپ كېلىپ توختىخانغا يولۇقۇپ قاپتۇ. توختىخان بۇنىڭ كۆزىگە چۆل پەرىسىدەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ توختىخاندىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. توختىخان كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھاكىم:

— سەن كاۋاپچى ئېرىڭنى تاشلا، مەن سېنى ئەمرىمگە ئالاي، — دەپتۇ. توختىخان:

— مەن ئۇنىڭدىن كەچمەيمەن، — دەپتۇ. قانخور ھاكىم

كېيىك ئورنىغا توختىخاننىڭ بالىسىنى ئېتىپ، توختىخاننى ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە مەھكىمىگە ئاپىرىپ كېچىسى نومۇسىغا تېگىشكە ئۇرۇنۇپتۇ. توختىخان ھاكىمغا قارشىلىق قىپتۇ. ھاكىم ئىلاج قىلالماي، توختىخاننى شەھەر ئايلاندۇرۇپ، سازا-يى قىلىشقا بۇيرۇپتۇ، ئاندىن زىندانغا ساپتۇ.

توختى كاۋاپچىلىقنى تۈگىتىپ بارسا ئايالى ۋە بالىسى يوق. ئۇ ئىزدەپ جاڭگالغا كەلسە بالىسى ئۆلۈك ياتقان. ئۇ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىر كاۋاپچىلىقنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، خوتۇنىنىڭ راۋابىنى ئېلىپ ئۆگەنگەن پەدىلىرىگە چېلىپ، ئات ئىزىنى بويلاپ خوتۇنىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ، ئاخىر خوتۇنى بار شەھەرگە كەپتۇ، شەھەردە بىر ناۋاي بىلەن تونۇشۇپ، شۇنىڭ-غا ئىشلەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ھاكىمنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ھاكىمنىڭ ئانىسى:

— ئوغلىڭىزنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭىزنىڭ زىيادە بولۇشى ئۈچۈن زىندانىدىكى كىشىلەرنى ئازاد قىلساق، — دەپتۇ. ھاكىم ماقۇل كۆرۈپ، زىنداندىكىلەرنى ئازاد قىپتۇ. توختىخان زىنداندىن چىقىپتۇ. ئەر - خوتۇن تېپىشىپ، بىر-بىرىنى كۆرۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇلار شەھەردىن يىراق جايغا بېرىپ، دەريادىن سۇ چىقىرىپ، چۆل - باياۋاننى گۈللەندۈ-رۇپ، كېيىنكى ئۆمۈرلىرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

# شەيتاننىڭ تىجارىتى

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىشى ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئېشەكنى ھەيدەپ ناھايىتى ئالدىراش كېتىۋاتقان شەيتان بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ۋە ھەيرانلىق بىلەن سوراپتۇ:

— ئى شەيتان، مۇنچە ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟ ئېشەككە ئارتىۋالغىنىڭ نېمە؟

— نەگە ماڭاتتىم، — دەپتۇ شەيتان، — سودا - سېتىق قىلغىلى ماڭدىم. ئېشەككە ئارتىۋالغىنىم ئۇخلىساڭ چۈشۈڭگىمۇ كىرمەيدىغان بازىرى ئىتتىك مال.

— سودىگەرچىلىك قىلاي دېدىم دېگىن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — ئۇنداقتا، سېنىڭ ساتىدىغان مېلىڭ قانداق مال؟

— بۇ ماللارنىڭ ئىسمى كىبىر، ھەسەت، تەمەننا، خىيانەت، كاززاپلىق، رىيا - مەككارلىق دېيىلىدۇ، — دەپتۇ شەيتان.

شەيتاننىڭ سۆزىگە ھەيران بولغان كىشى يەنە سوراپتۇ:

— ئى شەيتان، سەن ئىسمىنى ئاتىغان بۇ نەرسىلەر مال ئەمەس، ساپلا گۇناھقۇ؟ بۇنداق نەرسىلىرىڭنى كىممۇ ئالار؟

— ئالىدۇ، — دەپتۇ شەيتان، — مەسىلەن، كىبىرنى بىلىمىنىڭ تايىنى يوق چالا موللىلار ئالىدۇ، ھەتتا يېتىشمەي تالىشىپمۇ قالىدۇ، چۈنكى چالا موللىلار كىبىرگە ناھايىتى ھېرىسمەن كېلىدۇ. ئۇلار نامدارلارغا نەچچە پۈكلىنىپ سالام

قىلىدۇيۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش-
نىڭ ئورنىغا قولىدىكى ھاسىسىنى تەڭلەپ پوپوزا قىلىپ قو-
يۇپ ئۆتۈپ كېتىشىدۇ. مانا بۇ كىبىر بولماي نېمە ! ھەسەتنى
كىشىلەرنىڭ پايدىسىغا، بەختىگە چىدىمايدىغان كىشىلەر ئالى-
دۇ. بۇنىڭ خېرىدارلىرى ئىچىدە ئەمەلدارلار، ھەتتا پادى-
شاھلارمۇ بار. بۇنداق ئەمەلدارلار ئەمەل - مەنسەپ كويىدا
بىرى يەنە بىرىنى كۆرەلمەي، ئورنىغا تىقىش ئۈچۈن پادىشاھقا
چاقىدۇ، مەندىن ئېشىپ كېتەرمىكىن، دېگەن خىيال بىلەن
پىتنە - پاسات تېرىيدۇ. دېمەك، ھەسەتخورلۇق شەھەردىمۇ،
سەھرادىمۇ، ئەمەلداردىمۇ، پۇقرادىمۇ، ئوردىدىمۇ بار. مەن ئۆ-
نى ھەر جايىنىڭ، ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ساتىمەن.
تەمەننانى ئۆزىنىڭ ئەمەل - ئىبادىتىنى باشقىلاردىن يۇقىرى
چاغلاپ، مەن كۆپ ئەمەل - ئىبادەت قىلدىم، مەنچىلىك
ئىستىقامەتلىك كىشى تېپىلمايدۇ، پالانى ئۇنداق، پۇستانى
مۇنداق دەپ، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان ئەخمەقلەر
ئالىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر «تەمەننا مېلى»نى قىممەت با-
ھادا سېتىۋالىدۇ. خىيانەت - كاززاپلىقنى قىسمەن نائەھلى
ئېلىپساتارلار كۆپرەك ئالىدۇ. ئۇلار جىڭ - تارازا، گەز-
مېتىرلارنى ساق تۇتمايدۇ، خېرىدارلارنى بابلىماقنىڭ غېمىدە
يۈرىدۇ، ئەرزان مالغا قىممەت باھا قويىدۇ. بەزىلەر قەسەم بى-
لەن كاززاپلىقنى يوشۇرىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۆزىنىڭ خوتۇن -
بالىلىرىغىمۇ راست گەپ قىلمايدۇ. بۇ خىل مالغا ئەنە شۇ
خىلدىكى كىشىلەر تازا ئېھتىياجلىق. رىيا- مەككارلىقنى
خالىس خىزمەت قىلمايدىغان كىشىلەرگە ساتىمەن. بۇنداقلار
مەيلى ئىبادەت قىلسۇن، مەيلى ئىش - ھەركەتتە بولسۇن،
ھەممىنى مەلۇم غەرەزدە قىلىدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىسىغا بول-
سۇن، تەربىيە بەرگەن ئۇستازلىرىغا بولسۇن خالىس خىزمەتتە

بولمايدۇ.

شەيتان ئاخىردا شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي يولۇچى، ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمگە پۈتمىسەڭ ۋە ياكى ماللىرىمنىڭ خېرىدارلىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىسەڭ، مەن بىلەن بىللە جاھان بازىرىغا بارغىن. ناۋادا كېرەك بولسا خالىغان ماللىرىڭنى سېتىۋال.

ھېلىقى كىشى شەيتانغا مىڭ لەنەت، ئۇنىڭ ماللىرىنى سېتىۋالغۇچىلارغا يۈز مىڭ نەپرەت ئوقۇپ، ئاشۇ خىل ماللارنى ئالىدىغان خېرىدارلارنىڭ چىقماسلىقىنى ئاللادىن تىلەپ، ياقىسىنى چىشلىگىنىچە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.



# پادشاھنىڭ سالىمى

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر دانىشمەن سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، مىڭ تىللانى بىر ئەتتارغا ئامانەت قويۇپ كېتىپتۇ، بىرقانچە ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئەتتاردىن مىڭ تىللا-نى سوراپتۇ، لېكىن ئامانەت ئالغۇچى تېنىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن دانىشمەن جېدەللىشىپ بوغۇشۇپ قاپتۇ. ئادەملەر توپلىشىپ، دانىشمەنگە نەسىھەت قىلىپ:

— بۇ ئادەم ئىنتايىن ئىنساپلىق، ئەگەر سىزدىن مىڭ تىللا ئالغان بولسا، ھەرگىزمۇ تېنىۋالمىغان بولاتتى، — دې-يىشىپتۇ. بەزىلىرى:

— ئەگەر يەنە جېدەللەشسەڭ، ئۆزۈڭ زىيان تارتىسەن، — دەپ دانىشمەننى قورقۇتۇپتۇ. دانىشمەن نائىلاجلىقتىن ئۆز ئەھۋالىنى يېزىپ پادشاھقا سۇنۇپتۇ. پادشاھ ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— سىز ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئۈچ كۈن ئولتۇرۇڭ، تۆتىنچى كۈنى مەن شۇ جايدىن ئۆتۈپ سىزگە سالام قىلى-مەن، سىز گەپ قىلماي ئولتۇرىۋېرىڭ. مەن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن پۇللىرىڭىزنى تەلەپ قىلىڭ، ئۇ نېمە دېسە، دەرھال كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلىڭ، — دەپتۇ.

دانىشمەن پادشاھنىڭ دېگىنى بويىچە ئامانەت ئالغۇچىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئۈچ كۈن ئولتۇرغانىكەن، تۆتىنچى كۈنى پا-

دىشاھ ناھايىتى ھەيۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دانىشمەننى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ بۇرۇلۇپ دانىش-مەنگە ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپتۇ ۋە:

— ئى بۇرادىرىم، كەچ كىرگەندە مېنىڭ قېشىمغا بې-رىڭ، قانداق دەرد ـ ئەھۋالىڭىز بولسا، ماڭا ئېيتىڭ، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ. دانىشمەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا جا-يىدا ئولتۇرىۋېرىپتۇ. ئامانەتكار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ، دانىشمەنگە:

— ئى تەقسىر، ئۆتكەن ئىشلارنى ماڭا قايتىدىن سۆزلەپ بېرىڭ. ماڭا ئامانەتنى بەرگەندە كىم بار ئىدى؟ قەيەردە بەر-گەنىدىڭىز؟ ئېھتىمال ئۇنتۇپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن، — دەپ يېلىنىپتۇ. دانىشمەن مىڭ تىللانى ئامانەت بېرىش جەريا-نىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئامانەت ئالغۇچى:

— سىز راست دەۋاتىسىز، ئەمدى يادىمغا كەلدى، — دەپ دانىشمەنگە مىڭ تىللانى بېرىپ، ئۇستىلەپ كۆپ ئەپۇ سوراپتۇ.

# ئىشچان قىز

زامانىنىڭ زامانىسىدا، ئىسمى ئۆزگىرىپ كەتكەن بىر يۇرتتا بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى قەيس ئىكەن. ئۇنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ، بىر جۈپ قوشكېزەك قىزى بىلەن قاپ-تۇ. قىزلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى پاتىمە، بىرىنىڭ ئىسمى زۆھرە ئىكەن.

قەيسنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا ئۆيلىنىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، بىر جۈپ قىزنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك بۇرچى قىپتۇ. بۇ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن جاپا تارتسا ئۆكۈنمەپتۇ، ئېغىر بېسىملارغا يۈكۈنمەپتۇ، قىزلارنى ياخشى تەربىيىلەپتۇ، لېكىن ئىككى قىزنىڭ مىجەزى ئىككى خىل بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. پاتىمە ئىشچان، قانائەتچان، كۆيۈمچان ئىكەن، زۆھرە ھۇرۇن، ھاكاۋۇر ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى قەيس ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئىككى قىزىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ بېشى قېتىپتۇ، ئاخىر كۆزىنىڭ تىرىكىدە ئۆي - مۈلۈكلىرىنى بۆلۈپ قويۇشنى ئويلاپ، پاتىمە بىلەن زۆھرەنى چاقىرىپ ئۆز خىيالىنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ. زۆھرە:

— مەن ئۆي ۋە ئۆي بىساتلىرىنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

قەيس بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئازابلىنىپ:

— ئىككى بولسا بىرى سىنىڭ، بىرى پاتىمەنىڭ بول-سۇن، — دەپتۇ. زۆھرە زادى كۆنمەپتۇ. پاتىمە:

— سىڭلىم ئۆزى دېگەنلىرىنى ئالسۇن. ئەگەر سەن رازى بولساڭ مەن قوناقتىن بىر پۇت، تورۇسقا قىسىقلىق بىر سى-قىم كۇدە ئۇرۇقى، بىر يۇز توققۇز تال تاۋۇز ئۇرۇقىنى ئال-سام بولدى، — دەپتۇ.

قەيس ئۇلارغا دۇۋەت - قەلەم ئەكەلدۇرۇپ ۋەسىيەتنى يېزىپ بولۇپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ، ئىككى قىز يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ.

ئاتىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى تۈگەپ يەتتە كۈن ئۆت-كەندىن كېيىن، زۆھرە پاتىمەنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

پاتىمە ئامالسىز ئۆزىگە تەئەللۇق قوناق، تاۋۇز، كۇدە ئۇ-



رۇقىنى ئېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ ناھايىتى يىراق دەريا بويىدى-
كى بوزغا يېتىپ بېرىپتۇ.

پاتىمە گەرچە بۇ يەردە ئادەم بولمىغىنى بىلەن تېرىلغۇ
قىلىشقا ئەپلىك جاي ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ ـ دە، مۇشۇ ئو-
رۇندا ماكانلىششنى ئويلاپتۇ.

بۇ يەردە تۈرلۈك ھايۋانلار كۆپ بولۇپ، يىرتقۇچلاردىن
كېچىسى ئوت قالاش بىلەن قوغدىنىپتۇ. ياۋا ئالما، نەشپۈت-
لەرنى يىغىپ، بىر تەرەپتىن، يېسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنى
چوڭ بىر تۇزلەڭلىكنىڭ ئۇيەر ـ بۇيېرىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ.
كۆمۈلگەن ئالما، نەشپۈتنىڭ پۇرىقىنى ئالغان ياۋا چوش-
قىلار كېلىپ، ئالما، نەشپۈتلەرنى ئىزدەپ تۇزلەڭلىكنىڭ
ھەممە يېرىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ قېزىۋېتىپتۇ. تۇپا
يۇمشاپتۇ.

پاتىمە قېزىۋېتىلگەن يەرنىڭ كۆپ قىسمىغا قوناق، ئاز
قىسمىغا تاۋۇز ۋە كۇدە تېرىپتۇ. زىرائەتلەر ئۇنۇپ چىققاندىن
كېيىن، پاتىمە كېچىسى پۈتۈن ئەتراپقا گۈلخان يېقىپ زى-
ياندا شلاردىن ساقلاپتۇ. بۇ يەردە ياۋا ئۆچكىلەر كۆپ ئىكەن.
پاتىمە ئۇلارنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلارنى سېغىپ سۈتىنى ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

تاۋۇزلار پىشىپ، قوناق باش ئېلىپ، كۇدە كۆرپە بول-
غاندا، بىر شەھەرنىڭ شاھزادىسى ئوۋغا چىقىپ يولدىن ئادى-
شىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز ئېلىدە كۆرۈپ باقمىغان
بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئۇسساپ كەتكەن
شاھزادىنىڭ تەنتەك ھەمراھلىرى، نېمە بولسا بولسۇن يا ئۆ-
لۈم، يا كۆرۈم دەپ، بىر تاۋۇزنى چېقىپ يېمەكچى بولغانى-
كەن، تاۋۇزدىن «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، ئىگىمىزدىن سوراپ
يېسەڭلار دەردىڭلارغا داۋا بىز، رەنجىڭلارغا شىپا بىز. ئەدەپ-

سىزلىك قىلساڭلار، قان چىقارماي بوغۇزلاپ، تۇيدۇرماستىن يۈگۈزلاپ، جىنىڭلارنى ئېلىپ ياندا قويىدىغان بىۋاپا بىز» دېگەن سادا كەپتۇ. شاھزادە:

— بەس، توختاڭلار! — دەپتۇ. شاھزادىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇلار تاۋۇزلارنىڭ ئىگىسىنى تېپىش ئۈچۈن ئەتراپىنى ئىزدەپتۇ. بىر چاغدا ئۇلار بىر ئالىچۇققا كەپتۇ. شاھزادە ئاتتىن چۈشۈپ:

گۈلدىن كۆڭلەك كىيىپتۇ
زەپ ياراشقان ئالىچۇق.
سالام ئىلىك ئالسىكەن
قولى ئالتۇن قارانچۇق.

دەپتۇ. پاتىمە شاھزادىنىڭ سالىمىنى ئاڭلاپ:

ساڭىمۇ سالام، يىگىت،
ئالىچۇققا مەرھەمەت.
ھەق ئالمايمەن تائامغا،
كىرىكى پەقەت رەھمەت.

دەپتۇ. شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئالىچۇققا كىرىپ، تۆردىن ئورۇن ئاپتۇ. ئامان - ئېسەنلىك سورىشىپ بولغاندىن كېيىن پاتىمە تالاغا چىقىپتۇ - دە، ئىككى تاۋۇزنى قولتۇقلىغىنىچە كىرىپ:

تاۋۇز تىلاي سىلەرگە،
ئاۋۋال تائام دەپتىكەن.
بۇرۇنىسىدا خىزىرمۇ
ئىشتەي بىلەن يەپتىكەن.

دەپتۇ ۋە تاۋۇز تىلىپ، مېھمانلارنى يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. مېھمانلار ھەرقانچە ئۇسساپ كەتسىمۇ يېيىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. شاھزادە:

ھېلى تاۋۇز دېگەنتى
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ دەپ.
باشلاپ بەرسە ئىگىسى،
ھۇزۇر ئالساق بىزمۇ يەپ.

دەپتۇ. پاتىمە ئۇلارنىڭ تاۋۇز كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە، ئالدى بىلەن ئۆزى ئېغىز تېگىپتۇ. شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇسساپ ئۆلەي دەپ قالغاچقا، ئۇرۇق ۋە شاپىقىنى قوشۇپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پاتىمە:

مال سويغان گۆشنى يەر،
تېرە يېگەننى كۆرمىدىم.
گۆشنى يەپ توختىغان،
سۆڭەك يېگەننى كۆرمىدىم.

دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ.

شاھزادە ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېگى تۆئىمىنى يەپ قاملاشتۇرالمىغانلىقىنى ناھايىتى ئىتتىك سېزىپتۇ ـ دە

شاپىقىنى يېمەيتتۇق،
تاتلىقلىقى يېگۈزدى.
تەشنالىقنى قاندۇرۇپ،
يەنە بارمۇ دېگۈزدى.

دەپتۇ. پاتىمە يەنە تاۋۇز ئەكىرىپ ئۇلارغا تىلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار قانغۇچە يەپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. مېھمانلار ھار-

دۇقىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن رەھمەتلەر ئېيى-
تىپ يۇرتقا قاراپ يول ئاپتۇ.

شاھزادە ئاتقا مىنىپ يولغا چىققاندىن كېيىن، تەكرار - تەكرار ئارقىغا قاراپتۇ. ھەمراھلىرى شاھزادىنىڭ ئاشىقى بى-قارار بولغانلىقىنى سېزىپتۇ.

ئۇلار يۇرتىغا يېتىپ بېرىشى بىلەن شاھزادە سامانىدەك سارغىيىپ كېتىپتۇ. تېۋىپ تەكلىپ قىلىپ، داۋالاتسىمۇ شىپا تاپماپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ھالىدىن ئەنسىرەپ، ھەمراھلىرىدىن كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. شاھزادىنىڭ ھەمراھلىرى ئۆز ئۇستىدە كۆرگەنلىرىنى پادى-شاھقا يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ تېخىمۇ قىزىقىپتۇ. پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئور-نىدا قالدۇرۇپ، سول قول ۋەزىرىنى ۋە باشقا خىزمەتچى - مۇھاپىزەتچىلەرنى ئېلىپ ھېلىقى قىزنى زىيارەت قىلىشقا جابدۇنۇپتۇ. شاھزادە تېتىكلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاتىسى بى-لەن بىللە بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. پادىشاھ ماقۇل كۆرۈپتۇ.

ئۇلار ئۈچ كۈن يول مېڭىپ قىز بار دىيارغا يېتىپ بې-رىپتۇ. پادىشاھ ئەتراپىدىكى يېشىللىق ۋە ئوخشاپ كەتكەن قوناق، تاۋۇزلارنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قاپتۇ.

ئالىچۇقنىڭ ئالدىغا بېرىپ:



شاھ دەپتىمەن ئۆزۈمنى،
بىر تۇپ دەرەخ تىكمەيمۇ.
شاھنىڭ شاھى بۇندا ئىكەن،
خەق مېنى شاھ دېگەيمۇ.
شاھ قىزىم سالام ساڭا،
قولۇم كۆكسۈمدە مانا.
ھۇزۇرۇڭغا كىرەيمۇ؟
جاۋابىڭنى بەر ماڭا.

دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قىز مۇلايىم ئاۋازدا:

ئەسسالام، شاھ ئاتىمىز،
سالامەتمۇ تەنلىرى؟
بەختلىكمۇ قېرى ـ ياش،
تىنچ ـ ئامانمۇ ئەللىرى؟
ھۇزۇرۇمغا سىلەرنى
قىزغىن تەكلىپ قىلىمەن.
شاھ ئاتام دۇئا بەرسە،
شۇنچە خۇرسەن بولىمەن.

دېگەن جاۋابنى بېرىپ، پادىشاھقا ئېگىلىپ سالام بېرىپ ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ.

مېھمانلار ئۆيگە كىرىپ ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز ئۇلارغا تاۋۇز تىلىپ ئەكەپتۇ، پادىشاھ ۋە ھەمراھلىرى بۇ تۆئىمنى يەپ ھەيران بوپتۇ. پاتىمە كەينىدىن سۈت، كۆجە كەلتۈرۈپتۇ. مېھمانلار بۇنى ئىچىپ تېخىمۇ ھۇزۇرلىنىپتۇ. پادىشاھ ئوۋ قىلىپ گۆش يېيىشنى بىلگەن بىلەن، سۈتتىن پايدىلىنىشنى بىلمىگىنىگە، ئاشلىقنى يىراق جايلاردىن

ئالتۇنغا تېگىشىپ ئەكەلگىنى بىلەن، تېرىپ كۆپەيتىشنى بىلمىگىنىگە ئەپسۇسلىنىپتۇ.

تاماقتىن كېيىن، پادىشاھ پۇتۇكچىگە بۇگۇندىن باشلاپ پادىشاھلىقنى پاتىمەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە جا-كارنامە يېزىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پاتىمە نۇرغۇن تۇ-زۇت ۋە ھۆرمەت بىلەن رەت قىپتۇ. پادىشاھ ئاخىر قىزنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى بولۇشقا ئۇندەپتۇ. پاتىمە ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. ئۇ پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپ، بوز ئېچىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. شاھزادە پاتىمەگە كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ، كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ. لېكىن، پاتىمە مۇنداق بىر شەرت قويۇپتۇ:

— زۆھرە ئىسىملىك سىڭلىم بار، شۇنى تېپىپ ئەكەل-دۇرسىڭىز ئاندىن توي قىلىمەن، — دەپتۇ.

شاھزادە زۆھرەنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. قەيىستىن قالغان ماكانغا بارسا، زۆھرە يوق ئىكەن. قولۇم - قوشنىلار-دىن سۈرۈشتە قىلسا، زۆھرە ئاتىسىدىن قالغان مال - مۈ-لۈكلەرنى بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىپ، ئۆيلەرنىمۇ سېتىپ توزۇتۇپ، قەرزگە بوغۇلۇپ، قۇل بازىرىدا سېتىلىپ باشقا يۇرتقا كەتكەنىكەن.

شاھزادە يۇرتمۇيۇرت ئىزدەپ - سۈرۈشتۈرۈپ، ئاخىر ئۇ-نى بىر قۇل بازىرىدىن تېپىپتۇ. ئۇنىڭ مەيدىسىگە باھاسى ئېسىقلىق بولۇپ، باشقا قۇللاردىن خېلى ئەرزان ئىكەن. شاھزادە ئاخىر ئۇنى سېتىۋېلىپ ئۇستۈۋېشىنى يەڭگۈشلەپ، يولدا ياخشى كۈتۈپ، پاتىمەنىڭ يېنىغا قايتۇرۇپ كەپتۇ. پاتى-مە بىلەن زۆھرە قۇچاقلىشىپ يىغا - زار قىلىشىپتۇ.

زۆھرە پاتىمەنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندىن كېيىن ھەپتە

ئۆتمەي ھەسەت قىلىشقا باشلاپتۇ، لېكىن چاندۇرماپتۇ. ۋەدە بويىچە شاھزادە بىلەن پاتىمەنىڭ توي تەييارلىقى باشلىنىپتۇ. ئەتە توي، دېگەن ئاخشىمى تۇيۇقسىزدىن پاتىمە بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. پادىشاھ ئۆز ساقىلىنى يۇلۇپ ھەسرەت چېكىپتۇ، شاھزادە ئۆزىنى كاچاتلاپ سەلدەك ياش تۆكۈپتۇ، ئەل - يۇرت قايغۇغا چۆمۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا كورىدىكى خام سۈتتىن:

بۇ كېسەلگە مەن داۋا،
زەھەر بەردى بىۋاپا.
كۆرۈپ تۇردۇم ھەممىنى،
زۆھرە دېگەن بىۋاپا.

دېگەن زۇۋان چىقىپتۇ. بۇلۇڭدىكى قوناق:

خام سۈت يالغان سۆزلىمەس،
راستلىقىغا مەن گۇۋاھ.

دەپتۇ. تاۋۇز، سېۋەتتىكى كۈدە:

سۆزى توغرا، بىز گۇۋاھ،
قېچىپ كەتمىسۇن ھەرگىز
زۆھرە دېگەن بىۋاپا.

دەپتۇ. شاھزادە دەرھال خام سۈتنى پاتىمەنىڭ ئاغزىغا تېمىتقانىكەن، پاتىمە كۆزىنى ئېچىپ ئېسىگە كەپتۇ. پاتىمە سوئال نەزەرى بىلەن شاھزادىگە قارىغانىكەن، شاھزادىدىن بۇرۇن سۈت، قوناق، كۈدىلەر بايىقى سۆزلەرنى تەكرارلاپتۇ. غەزەپلەنگەن خەلق زۆھرەنى تۇتۇپ، چېچىنى يۇلۇپتۇ. پاتىمە خەلققە ھاي بېرىپ، ئۇلارنى توختىتىپتۇ. خەلق ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. پاتىمە:

— ياق ! بۇنىڭغا ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك بىر ۋەزىپە بېرەيلى. شەھىرىمىزنىڭ شەرقىدە بىر ئىگە - چاقىسىز بوۋاي، غەربىدە بىر ئىگە - چاقىسىز موماي بولۇپ، ئۇلار ھالىدىن كېتىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، زۆھرە ئۇلارنىڭ ئاش - ئوزۇقىنى تەييارلاپ، ئۇلارغا كېچە - كۈندۈز قارىسۇن، — دەپتۇ.

زۆھرە گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن مەڭگۈ شۇلارغا قاراشقا بەلگىلىنىپتۇ.

پادىشاھ پاتىمەنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئوتتۇز كۈن ئويۇن - تاماشا، قىرىق كۈن توي - تۆكۈن قىلىپ، شاھزادە بىلەن چېتىپ قويۇپتۇ.

«ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەركىمنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئاقىلنىڭ ئىشى» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغانمىش.



# ئېرىڭ بولغان پېرىڭ بولۇر

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن يەر - زېمىنى، ھېسابسىز چارۋىلىرى بار ئىكەن. باينىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، چوڭ قىزىنىڭ چېچىغا ئاق كىرىپتۇ، كىچىك قىزنىڭ يېشى ئوتتۇزغا ئۇلىشىپتۇ. باينىڭ قىزلىرى ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا، تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچىلەر كەلگەنىكەن. باي ئاچ كۆز، تويماس بولغاچقا، ئەلچىلەرنى جاھاندا ماڭا تەڭ كەلگۈدەك باي بولسا قىزىمنى بېرىمەن، بولمىسا بەرمەيمەن، دەپ يولغا سالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قىزلىرى ئولتۇرۇپ قالغانىكەن.

ئۇ باينىڭ بىر تاز قويچىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ جاڭگالغا مال باققىلى كېتىۋاتسا، چاتقاللار ئارىسىدىن بىر بۆرە چىقىپ قويلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەپ:

— ئەي تاز، قويۇڭدىن بىرنى بەر، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، — دەپتۇ. قويچى تاز قورقۇپ كېتىپ:

— ئەي بۆرە غوجام، قوي مېنىڭ ئەمەس، باينىڭ. ئەگەر بىر قوينى سىلىگە بېرىپ قويسام، بىر يىل ۋاقتىم بىكارغا كېتىدۇ، چۈنكى مېنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققىم بىر قوزىلىق قوي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بۆرە تازنىڭ ھالىنى كۆرۈپ:

— ئەي تاز، ئۇنداق بولسا بايدىن سوراپ كەلگۈچە قو-
يۇڭنى يېمەيدىغانلىقىمغا قەسەم قىلىپ بەرسەم ئۇنامسەن؟ —
دەپتۇ. قويچى تاز:

— قەسەم قىلىپ بەرسىلە ئۇنايمەن، — دەپتۇ.

— ئەگەر سەن بايدىن سوراپ كەلگۈچە قويۇڭنى يېسەم،
ئۆيىدە قىزى تۇرۇپ ئەرگە بەرمىگەن بېخىللارنىڭ بېخىلى
بولۇپ كېتەي، —
دەپ قەسەم قىپتۇ
بۆره.



قويچى تاز بۆ-
رىنىڭ قەسىمىنى
ئاڭلاپ خىيالىغا
باينىڭ ئۈچ قىزى
كەپتۇ-دە:

— ئەي بۆره
غوجام، مېنىڭ
خوجايىنىمنىڭمۇ
ئۈچ قىزى بار،
ئالدىنىڭ بېشى ئا-
قاردى، كىچىكىنىڭ
بېشى ئوتتۇزغا
ئۇلاشتى. ئۇلارنى
ئەرگە بەرگەن بول-
سا، ئالدى بىرنەچ-
چە پەرزەنت كۆرگەن
بولاتتى. ئەگەر سى-
لىنىڭ مۇشۇ قە-

سەملىرىنى ئېلىپ خوجايىنىنىڭ ئالدىغا بارسام تېرەمنى تەتۈر سويىدۇ، — دەپ، بايىنىڭ ئالدىغا بۆرە ئۇچۇن قوي سوراپ بې-رىشقا ئۇنىماپتۇ. بۆرە تازىنىڭ بارغىلى ئۇنىمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— باشقا قەسەم قىلىپ بەرسەم ئۇنامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قېنى، مەن ئاۋۋال قەسەملىرىنى ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ قويچى تاز.

— ئەگەر سەن قوينى سوراپ كەلگۈچە قويۇڭنى يېسەم، مال - مۈلكىنىڭ ئۆشرە - زاكىتىنى ئايرىمايدىغان جازانە-خورلاردىن بولاي، — دەپ قەسەم قىپتۇ بۆرە.

قويچى تاز بۇ قەسەمنى ئاڭلاپ دەرھال باينى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ - دە:

— ۋاي بۆرە غوجام، مېنىڭ خوجايىنىممۇ نەچچە مىڭ قوي، تۆگىسى تۇرۇپ زاكات ئايرىماي يا ئاشلىقتىن ئۆشرە ئايرىماي، جازانىخورلۇق بىلەن كاتتا باي بولۇپ كەتكەن. مەن بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ بارسام يەۋاتقان نېنىمدىن ئايرىلىپ قالى-مەن، — دەپتۇ. بۆرە يەنە:

— بۇنىڭدىن باشقا قەسەم قىلىپ بەرسەم بارامسەن؟ — دەپتۇ.

— ئاۋۋال قەسەم قىلىپ باقسىلا، مەن ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ تاز. بۆرە يەنە:

— ئەگەر سەن بايدىن قوينى سوراپ كەلگۈچە قويۇڭنى يەيدىغان بولسام، ئىشىكىنىڭ ئالدىدا مەسچىت تۇرۇپ ئۆيىدە ناماز ئۆتەيدىغانلار قاتارىدا بولاي، — دەپ قەسەم قىپتۇ.

قويچى تاز بۇ قەسەمنى ئاڭلاپ يەنە ئۆز خوجايىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ:

— ئەي بۆرە غوجام، مېنىڭ خوجايىنىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مەسچىت بار تۇرۇپ نامازنى ئۆيىدە ئۆتەيدۇ. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ سىلىنىڭ بۇ گەپلىرىنى كۆتۈرۈپ بارسام، مېنىڭ يېگەن نېنىم هارام بولمامدۇ؟ — دەپ يەنە ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. بۆرە قويچى تازنىڭ ماڭمىغانلىقىنى كۆرۈپ پەيلىنى بۇزۇپ:

— سەن بايدىن قوي سوراپ كەلمىسەڭ سېنى يەيمەن، — دەپ خىرىس قىپتۇ. بۆرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن تاز قورقۇپ كېتىپ:

— ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، هازىر كېلىمەن، — دەپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي، يىقىلىپ - قوپۇپ توپىسىنى قاقماي باينىڭ ئالدىغا قاراپ كېتىپتۇ.

قويچى تاز باينىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ بولغان ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپ، بۆرىنىڭ بىرىنچى قەسىمىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دېگەندەك، باي بۆرىنىڭ بىرىنچى قەسىمىنى ئاڭلاپ:

— هۇ، بېشىڭنى يەيدىغان تاز، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن، سەن نېمە يالغان سۆزلەيسەن ! — دەپ قولىغا پىچاق ئېلىپ ئۇنى قوغلاپ كېتىپتۇ. قويچى تاز بايغا يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ مىڭ تەستە ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرۇپ، بۆرىنىڭ ئىككىنچى قەسىمىنى ئېيتقانىكەن:

— هۇ، ئاقچى تاز، كۆكچى تاز، سەن مېنى هاقارەتلىگۈچى بولدۇڭمۇ؟ كۆزۈمدىن يوقال ! — دەپ قولىغا توقماق ئېلىپ قوغلاپ كېتىپتۇ. قويچى تاز بايغا يەنە يالۋۇرۇپ:

— كەتسەممۇ كېتەي، بىراق قويلارنى كۆرسىتىپ قويۇپ كېتەي، — دەپتۇ.

— تولا كاپشىماي قويلارنىڭ يېنىغا بار ! — دەپتۇ باي

يادىغا قويلىرى كېلىپ، تازنى ھەيدەپتۇ. بۇ چاغدا قويچى تاز بۆرىنىڭ ئۇچىنچى قەسىمىنى ئېيتىپتۇ. باي بۇنى ئاڭلاپ:
— ھۇ نائىنساپ تاز، يېگىنىڭ ھارام بولغۇر تاز. بۆرىمۇ گەپ قىلىغان بارمۇ؟ ! قوي يېمەيدىغان بۆرىمۇ بارمۇ ! سەن شۇنچە قوينى بۆرىگە تاشلاپ بېرىپ بۇ يەرگە كەلدىڭما؟ ھاڭۋاقماي، قويلارنىڭ يېنىغا بار ! — دەپ ھەيدەپتۇ. قويچى تاز:
— ماڭا ئىشەنمىسىلە، مەن بۆرىگە نېمىدەپ بارىمەن، يەم بولغىلىمۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بارمىغىنىم تۈزۈك، بولمىسا ئىك-كىمىز تەڭ بارىمىز، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باي ئۇنى ماڭغۇزال-ماي ئۆزىمۇ بىرگە بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ.
باي قويچى تازنى ئالدىغا سېلىپ بارسا، قويلار جايىدا



تۇرۇپتۇ، سانسا ھەممىسى ساق چىقىپتۇ، لېكىن بۆرىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. باي تازدىن:

— بۆرە قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز:

— مەن ئۆيگە قايتقاندا مۇشۇ يەردە قويلارغا قاراپ قالغان، — دەپتۇ.

باي تۇرۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە بۆرىنىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىدە ئىقرار قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن باي، بۆرە قوي يېمىگەن يەردە مەن نېمە ئۈچۈن ئىنساپلىق بولمايمەن، نېمە ئۈچۈن شۈكۈر - قانائەت قىلمايمەن؟ ! مەن بىر بۆرىچىلىك بولالمىدىم، دەپ ئويلاپ قورقۇپ قاپتۇ ھەم شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا:

— ھەي قويچى تاز، سەن ئۈچ قىزىمدىن قايسىسىنى ئالساڭ شۇنى بېرەي، — دەپتۇ. قويچى تاز:

— ئەي باي ئاكا، سىلىنىڭ چوڭ قىزلىرى مېنى يامان كۆرىدۇ، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولغاندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ياخشى گەپ ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇ مېنى كۆرسىلا:

لەپپە، لەپپەڭ، لەپپەڭ تاز،
گېپى يوغان بەتتام تاز.
لەپپە، لەپپەڭ، لەپپەڭ تاز،
بېشى يېغىر، شورتاڭ تاز.

دەپ ئاغزىدىن چۇشۇرمەي مېنى بەك زاڭلىق قىلىدۇ. مەن شۇ چوڭ قىزلىرىنى ئالسام، — دەپتۇ. باي رازىلىق بېرىپتۇ ۋە چوڭ قىزىنى تازغا چېتىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باي كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرماي، قالغان ئىككى قىزىنىمۇ ياتلىق قىپتۇ.

باي قىزلىرىنى ئەرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىنچا مال، ئاشلىقلىرىنىڭ ئۆشرە ـ زاكىتىنى ئايرىپ، يۇرت خەلـ ـقىگە تارقىتىپ بېرىپتۇ. باينىڭ چوڭ قىزىمۇ دەسلەپتە يىغلاپ ـ قاقشىغان بولسىمۇ، تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ، ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن تاز بىلەن بىرگە ئۆتۈشكە كۆنۈپ قاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئېرىڭ بولغان پىرىڭ بولۇر» دېـ ـگەن گەپ باينىڭ چوڭ قىزى بىلەن قويچى تازنىڭ كەچۈر ـ مىشىدىن قالغانىكەن.

# ئالييشل تۇخۇم

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى بىر شەھەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ كىشىلىرى خاتىرجەم، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. شۇ راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۋاتقان كىشىلەر قاتارىدا سەمەت ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ئايالى بىلەن باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ھالال ئەمگەك قىلىپ خاتىرجەم ياشايدىكەن. سەمەت بىلەن ئايالى ناھايىتى ئىناق بولۇپ، خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاپا - تەنە، بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان سۆزلەرمۇ بولمايدىكەن. سەمەت كۈندە سودا - سېتىق بىلەن تاپقان پۇلغا گۆش - ياغ، ئۇن - تۇز، سەرەڭگە سېتىۋالغاندىن سىرت، ئۆزىگە ۋە ئايالىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىكەن. ئايالىمۇ چېۋەر، ئىشچان ئايال بولغاچقا، ئۆي ئىچىنى رەتلىك، پاكىز تۇتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۆي بىساتلىرى تەل بولۇپلا قالماي، ئايالىنىڭ كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەتلىرىمۇ تەل ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئايال ھېچ نەرسىنىڭ غېمىنى يېمەي، ئېرى سودا - سېتىقتىن قايتىپ كەلگۈچە ھەر كۈنى تاماق ئېتىپ ئىشىككە قاراپ ئولتۇرىدىكەن...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئايال ئادىتى بويىچە ئاشمانتا ئېتىپ قويۇپ، ئېرىنىڭ ئىشىكتىن خۇش تەبەسسۇم بىلەن كىرىشى-

نى كۆتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن، ئېرىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. ئېرىنىڭ بىرەر خىيمخەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئايال نەچچە رەت ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ، نەچچە رەت يېنىپ كىرىپتۇ. ئېرى كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە قاش - قاپاقلىرى سې-لىنغان، خاپا هالدا قۇرۇق قول ئۆيگە كىرىپتۇ. ئېرىنىڭ بۇ هالىدىن ئەجەبلەنگەن ئايال:

— نېمە بولدىڭىز، ئەجەب كەچ قالدىڭىزغۇ؟ بەك ئەندىشە قىلدىم، — دەپتۇ. سەمەت ئايالىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىماي:

— تولا ۋالاقشىۋەرمەي، يەيدىغان نەرسەڭ بولسا ئېلىپ كەل، — دەپتۇ قوپاللىق بىلەن. ئايال ئېرىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلگەچكە، بىرەر ئىشقا خاپا بولۇپ قالغاندۇ ياكى بى-رەرى بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قالغاندۇ، دەپ ئويلاپ، كۆپ گەپ قىلماي، ئېرىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، تەييار قى-لىپ قويغان ئاشمانتىسىنى ئەكېلىپ قويۇپتۇ. ئادەتتىكى كۈنلەردە تاماقنى ناهايىتى كۆڭۈللۈك، بەهۇزۇر يېيىشىدىغان ئەر - خوتۇن بۈگۈن گەپ - سۆزسىز تاماق يېيىشىپتۇ. بۇ



هالنى تۇگىتىش ئۈچۈن ئايالى:
— نېمە بولدى، تاماق يېگۈڭىز كەلمەيدىغۇ؟ بىرەر... —
دېيىشىگە، سەمەت:
— ئادەم دېگەن تاماقنى شۇنچىلىكلا يېمەمدۇ، مەن كالدـ
مىدىم، — دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇ سۆز ئايالغا ئېغىر كېلىپ،
ئايال تاماقنى يېدىمۇ يا تاماق ئايالنى يېدىمۇ، ھېچبىر ئىسسـ
سىق باسماي، خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەك كۆڭلى غەش بولۇپ
بىئارامچىلىقتا قاپتۇ...

ئەتىسى ئايال سەھەر تۇرۇپ، ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرۇپ،
ناشتىلىق چاي ئۈچۈن تۇتۇش قىپتۇ. سەمەت يوتقاندىن چىقـ
ماي يېتىۋېرىپتۇ. ئايال تاماقنى تەييارلاپ بولۇپ چاقىرغانـ
دىلا، يەنە گەپ ـ سۆز قىلماي ئېزىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ،
يۈز ـ كۆزىنى چالا ـ بۇلا يۇيۇپ ئازراقلا ناشتا قىلىپ،
سودا ـ سېتىق قىلىش ئۈچۈن كېتىپ قاپتۇ.

ئېرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئايالى ئۆي، ھويلا ـ
ئارامىلارنى قايتا سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، يۇگۇر ـ يېتىم
ئىشلار بىلەن ئاخشامقى ۋە ئەتىگەنكى كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇپ
كېتىپتۇ، كەچ كىرگەندە يەنە چۆچۈرە ئېتىپ قويۇپ ئېرىنى
ساقلاپتۇ. ئېرى يەنە كەچ كىرگۈچە كەلمەپتۇ. ئايال ساقلاپ ـ
ساقلاپ، ئاخىر ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئىشىكنىڭ «تاراق»
قىلغان ئاۋازىدىن ئايال چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، قارىغۇـ
دەك بولسا، تۈن نىسپىدىن ئېشىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، ئايال
ئېرىگە:

— بالدۇرراق قايتىپ كەلسىڭىز بولماسمىدى، — دەپتۇ.
سەمەت ئالىيىپ قاراپ قويۇپ:

— سېنى باقىمەن، دەپ مۇشۇنداق پايپېتەك بولۇپ يۈـ
رىمەن، — دەپتۇ زەردە بىلەن. ئېرىنىڭ بۇنداق قوپال مىجەـ

زىنى كۆرگەن ئايال باشقا سۆز قىلماپتۇ. سەمەت تەييار بولۇپ قالغان تاماقنىمۇ يېمەي، ئۆز ئورنىدا يېتىپتۇ.

ئەتىسى سەمەت يەنە گەپ - سۆزسىز سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئايالمۇ ئۆيدىكى يۇ - گۇر - يېتىم ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئادەتتىكىدەك تاماقنى تەييارلاپ قويۇپ، ئېرىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن ئېرى يەنە ئۆز ۋاقتىدا كەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سەمەت چالا - بۇلا ناشتا قىلىپ گەپ - سۆزسىز چىقىپ كەتسە، كېچىسى يېرىم كېچىدە ئۆيگە كىرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ھەپتىلەر تۇشۇپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپ، ئايلار توشۇپتۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يات ئادەملەردەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل خىياللار كەپتۇ، لېكىن ئۆز ئېرىنى گۇناھكار قىلغۇسى كەلمەپتۇ. كۈنلەر شۇنداق كۆڭۈلسىز ئۆتۈۋەرگەچكە، ئاخىر ئېرىم بۇزۇلۇپ، باشقا بىر ئايالغا قاراپ قالدىمۇ يا، دەپ گۇمان قىپتۇ. بىراق، يەنىلا ئېرىگە بولغان ساداقىتى بويىچە گۇماننى يوققا چىقارغۇسى كەپتۇ. لېكىن، كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەرگەچكە، ئايال ئۆز گۇمانىنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، يەنە بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ.

بىر كۈنى سەمەت يەنە چالا - بۇلا ناشتا قىلىپ گەپ - سۆزسىزلا سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. ئايالمۇ ئېرىنىڭ كەينىدىنلا ئۇستۈپىشىدىكى كىيىملەرنى يەڭگۈشلەپ، يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ، ئىشككە قۇلۇپ سېلىپ، ئېرىنىڭ كەينىدىن قارا كۆرۈنە مېڭىپتۇ. سەمەت شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرنەچچىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى سودا -

سېتىق قىلىنىدىغان كوچىغا يېتىپ بېرىپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ
دۇكىنى تەرەپكە بىر قاراپ قويۇپ، باشقا بىر تەرەپكە مېڭىپ-
تۇ، بىر دوقمۇشتىن ئۆتۈپ، كىچىك بىر هويلىنىڭ ئالدىغا
بېرىپ توختاپ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، هويلىنىڭ ئىچىگە كى-
رىپ كېتىپتۇ. ئېرى كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئايالمۇ ئۇ-
نىڭ كەينىدىن هويلىغا كىرىپتۇ. قارىسا، ئېرى بىر ئۆيگە
كىرىپ كېتىپتۇ. ئايال هېلىقى ئۆينىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن
مارىسا، ئېرى قاش - كۆزىگە قويۇق گىرىم قىلغان، يۈزىگە
ئۇپا - ئەڭلىك سۈرگەن، سېرىق، پالكۆز بىر ئايال بىلەن
ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ ئولتۇرغۇدەك. ئايال ئەس - هوشى-
نى يوقىتىپ قويغىلى تاس - تاس قاپتۇ. ئۇ مىڭ تەسلىكتە
ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېرىگە قىلغان ئەقىدىسىگە مىڭ بىر پۇ-
شايمان قىلىپ،



دەرد - ئەلەمدە يۈ-
رەكلىرى ئۆرتىنىپ
كەينىگە يېنىپ،
سەۋدايىلارچە يۈگۈ-
رۈپ ئۆيگە قايتىپ
كەپتۇ، ئۆيگە كى-
رىپ ئىشىكنى ئى-
چىدىن تاقاپ، هار-
غۇچە يىغلاپ ئىچى-
نى بوشىتىپتۇ،
يىغىسىنى توختى-
تىپ، قانداق قى-
لىش توغرۇلۇق
كۆپ ئويلىنىپ،

ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتمەكچى بوپتۇيۇ، يەنىلا كۆڭلى ئۇ-
نىماپتۇ، جەڭگى - جېدەل چىقارماقچى بوپتۇ، لېكىن ئۆزد-
نىڭ ۋە ئېرىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى تۆكۈۋېلىشىدىن ئەن-
سىرەپتۇ، شۇنداق خىياللار بىلەن بولۇپ ھېچبىر چارە تاپال-
ماي ئىچى تىت - تىت بولۇپ، يۈرىكى دەرد - ئەلەمدىن
لەختە - لەختە قانغا تولۇپ، خېلى كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئايال تۇخۇم پوشكىلى سېلىش
ئۈچۈن تۇخۇملارنى چېقىۋېتىپ، ئېرىنى ئەپچىل بىر چارە
بىلەن يامان يولدىن قايتۇرۇشنىڭ يولىنى تېپىپتۇ، ئۆزىنىڭ
بۇ ئەقلىنى تاپقانلىقىغا خۇش بولۇپ كەتكەن ئايال، نېمە ئۇ-
چۈن نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى تۇخۇم پوشكىلى سالمىغاندىمەن
دەپ، ئۆز - ئۆزىگە كايىپ، دەرھال قىلىۋاتقان ئىشىنى توخ-
تىتىپ، ئۆز ئەقلىنى بىر سىناپ كۆرۈشكە تۇتۇش قىپتۇ.
ئايال بىر سېۋەت تۇخۇمنى قىزىل، يېشىل، سېرىق، قارا،
بېغىررەڭ، ئالىيېشىل قىلىپ ھەر خىل - ھەر رەڭدە بوياشقا
باشلاپتۇ. ئۇتتۇرلۇق بويىغىنىنى ئۇتتۇرلۇق پىشۇرۇپ لېگەنگە
تىزىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەر خىل - ھەر رەڭدە بويالغان تۇ-
خۇملارنى پىشۇرۇپ بىر لېگەننى توشقۇزۇپتۇ. ھەر خىل رەڭ-
دىكى توخۇملار لېگەنگە تىزىلىپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، ئالا-
چەكمەن قىلىۋېتىدىغان بىر تۇسكە كىرىپتۇ. ئايال تەييارلىق
قىلىپ بولۇپ ئېرىنى ساقلاپتۇ. ئېرى يەنە يېرىم كېچىدە
ئۆيگە كىرىپ، ئۆز ئورنىدا يېتىپتۇ...
ئەتىسى ئايال قايماق چاينى تەييارلاپ، ئېرىنى ئويغىتىپ-
تۇ. سەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ناشتا
قىلىشقا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئايال تەييارلاپ قويغان تۇخۇم-
نى ئېرىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. سەمەت لېگەندىكى ھەر خىل -
ھەر رەڭدىكى تۇخۇملارنى كۆرۈپ، كۆزى ئالاچەكمەن بولۇپ،

ھەيرانلىقتا ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئايال لىگەندىن قىزىل رەڭدە بويالغان تۇخۇمنى ئېلىپ ئېرىگە تۇتقۇزۇپتۇ. سەمەت قولىدىكى قىزىل تۇخۇمنى چېقىپ يەپ بولۇشىغا، ئايال لىگەندىن سېرىق رەڭدىكى تۇخۇمنى ئېلىپ بېرىپتۇ، سەمەت بۇنىمۇ يەپ بوپتۇ. ئايال يەنە قارا رەڭدىكى تۇخۇمنى ئېلىپ بېرىپتۇ، سەمەت بۇنىمۇ يەپ بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سەمەت يەتتە - سەككىز دانە تۇخۇمنى يەپ بولغاندا، ئايال يەنە ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. بۇ چاغدا سەمەت:

— ھەممىسى ئوخشاش ئىكەنغۇ؟ ! — دەپتۇ. بۇ چاغدا ئايال:

— نەرى ئوخشاش ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىچى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەمەت. بۇ چاغدا ئايال يەنە:

— تېشى ئوخشىمامدىكەن؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ.

— ئوخشىمايدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەمەت. شۇ چاغدا ئايال ئېرىگە ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى بىلىپ:

— راست ئېيتتىڭىز، بىز ئاياللارمۇ مۇشۇ ھەر خىل بويالغان تۇخۇملارغا ئوخشاش، تېشىمىز ھەر خىل - ھەر رەڭدە بولغان بىلەن، ئىچىمىز تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن سېرىقى ئوخشاش بولغاندەك ئوخشاش، — دەپتۇ. ئايالىدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەمەت ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ، ئۆزىنىڭ نادانلىق قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، ئايالىنىڭ ئالدىدا ئىزا - ئاھانەتتىن ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسە ئاسمان ئېگىز، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسە يەر قاتتىق تۇيۇلۇپ، ئاغزىنى ئاچقانچە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سەمەتنىڭ بولمىغۇر ئىشى خەلقئالەمگە پۇر كەتمەي، يېپىق

قازان يېپىق بويىچە قاپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، سەمەت ئۆزىنىڭ كەم ئەقىللىق قىلغانلىقىغا توۋا قىلىپ، يامان يولدىن يېنىپ، ئايالى بىلەن بىرلىكتە تىنچ، خاتىرجەم، راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى باشلاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارغا قوشنا ئايال سەمەتنىڭ ئايالىغا ئېرىنىڭ يولدىن چىققانلىقىنى دادلاپ كىرگەنىكەن، سەمەتنىڭ ئايالى ئۇ ئايالغا ئۆزىنىڭ ئىشلەتكەن ئەقلىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالمۇ توخۇمنى بوياپ ئېرىگە يېگۈزۈپ، ئېرىنى يامان يولدىن قايتۇرۇپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توخۇمنى بوياپ سېتىش شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# پادىشاھنىڭ ئەندىشىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭدىن بارلىق پۇقرالار ئىنتايىن رازى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۆتكەن كېچە ھەززەتلىرىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرەيلەن ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرىپ، زورلۇق بىلەن قىزىمغا چېقىلدى، — دەپ ئەرز قىپتۇ. پادىشاھ ئۇ كىشىگە:

— ئەگەر ئۇ كىشى يەنە سېنىڭ ئۆيۈڭگە باستۇرۇپ كىرسە، دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا كەل، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئاخشىمى ھېلىقى لۈكچەك يەنە ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. بىچارە ئادەم دەرھال بېرىپ پادىـ شاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئاڭلاپلا قىلىچىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆيىگە بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۆيگە كىرىش بىلەن تەڭلا چىراغنى ئۆچۈرۈپتۇ ـ دە، باسقۇنچىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن چىراغنى ياندۇرۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ يۈزىنى كۆرۈپتۇ ۋە: «خۇداغا شۈكۈر» دەپتۇ، ئاندىن پادىشاھ ئۆي ئىگىسىگە:

— ئەمدى ھەممە ئىش تامام بولدى. ئۆيۈڭدە قانداق تاماق بولسا، ئېلىپ كەل، — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى تاماق ئەكەپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن غىزالىنىپتۇ. ئۆي ئىگىسى پادىشاھتىن:

— ئۇلۇغ، مەرھەمەتلىك شاھىم، سوئال سورىغانلىقىمنى كەچۈرگەيلا. نېمە سەۋەبتىن ئۆيگە كىرىپلا چىراغنى ئۆچۈرىلا، كېيىن يەنە نېمىشقا ياندۇرىلا؟ ئۆلگەن كىشىنى كۆرۈپ خۇداغا شۈكۈر قىلىپ، ئاندىن كېيىن تاماق يەيلا ؟ — دەپ سوراپتۇ تەزىم بىلەن. پادىشاھ:

— بۇنداق يامان ئىشنى مېنىڭ ئوغلۇمدىن باشقا كىشى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ چىراغنى ئۆچۈردۈم. ئەگەر ئوغلۇم بولسا، مەن ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرسەم، قولۇم تىترەپ قالار ئىدى، ئۇنىڭ مۇھەببەت رىشتى مېنىڭ قوللىرىمنى يۈگەنلىۋالغان، جان - جىسمىمنى دەرمانىمدىن كەتكۈزەر ئىدى، ئۇنداقتا مەن ئادالەت يولىغا قەدەم قويالمىدىغان، ھېچبولمىغاندا تەمتىرەپ قالغان بولاتتىم. شۇڭا، چىراغنى ئۆچۈردۈم. خۇداغا شۈكۈر دېگىنىمنىڭ سەۋەبى، چىراغنى ياندۇرۇپ قارىسام، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئەمەسكەن، بۇنىڭدىن خۇداغا شۈكۈر ئېيتتىم. تاماقنى تويغۇچە يېگىنىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، سەن كېلىپ ماڭا ئەرز - شىكايەت قىلغان چاغدىلا باشقۇنچى لۈكچەكنى ئۆلتۈرمىگۈچە تاماق يېمەيمەن دەپ، ئۆزۈمگە ئەھدە قىلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە تاماق يېمىدىم، قورسىقىم بەكلا ئاچقانىدى، شۇڭا ھۇزۇرۇڭدا تويغۇدەك تاماق يېدىم، — دەپتۇ.

# يامان ئوغرى

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ خەلقنىڭ دەرد-ئەھۋالىغا يەتمەيدىكەن. پادىشاھنىڭ خاسىيەتلىك بىر تۆگىسى بار ئىكەن، ئۇ تۆگىنىڭ يۇڭىنىڭ ھەممىسى مەرۋايىت ئىدىكەن. تۆگە كاتتا بىر ئىمارەتنىڭ ئىچىدە ياتىدىكەن. كېچىسى تۆگە ياتقان ئۆي يوپيورۇق بولۇپ كېتىدىكەن. بۇ تۆگە ھەپتىنىڭ ئالتە كۈنىدە يېتىپ دەم ئېلىپ، بىر كۈن ئوزۇق يېگىلى چىقىدىكەن. پادىشاھنىڭ: «مېنىڭ تۆگەم ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، ھەرقانداق ئېتىزلىقتا كىرىپ ئوتلايدۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنى توسۇشقا ھەددى يوق» دېگەن پەرمانى بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆگە خەلقنىڭ نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرۈپ زۇلۇم سالىدىكەن، قىسقىسى خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىكەن. خەلق بۇ دەردلەرنى ئىچىگە يۇتۇپ، سىرتقا چىقىرىشقا ئامالسىز ئىكەن. بىرنەچچە ئادەم توپلاشقان يەردىلا مۇشۇ تۆگە توغرىسىدا سۆز بولىدىكەن.

مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇشۇ پادىشاھ تۇرۇشلۇق شەھەرگە باشقا يەردىن بىر ئوغرى كېلىپ بۇ تۆگە ھەققىدكى كىشىلەرنىڭ زارلاشلىرىنى ئاڭلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغرى، ھە، ئەسلىي ئوغرىلايدىغان نەرسە مۇشۇ ئىكەن، بۇنى كۆزدىن يوقىتىپ، خەلقنىڭ ماختىنىشىغا ئېرىشمەيمەنمۇ، دەپ

ئويلاپتۇ. ئۇ شەھەردىكى يۇرەكلىك ياشلاردىن بىرنەچچىنى تې-
پىپ، ئۇلارغا: «مەن تۆگىنى شەھەر دەرۋازىسىدىن ئاچچىقىپ
كەتمەكچى، ماڭا ياردەملىشىڭلار، كىشىلەرنى ئازابتىن قۇتۇل-
دۇرايلى» دەپتۇ. تۆگە ئوزۇق يېگىلى سىرتقا چىققان كۈنى
ئۇلار تۆگىنى سالما تاشلاپ تۇتۇۋاپتۇ، ئوغرى تۆگىنى شە-
ھەردىن خېلى يىراقتىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ ئۇنىڭ
مەرۋايىت يۇڭى بىلەن دوۋسىقىنى ئېلىپ قويۇپ، قالغان
گۆشىنى مەھەللىدىكىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، ئۆزىگە ئازراق
ئېلىپ قاپتۇ. ئەمدى گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا تۆگىسى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئە-
تىسى بىر كۈن قاراپتۇ، يەنە كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق
ياساۋۇللارغا شەھەر ئىچى ۋە سىرتىنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.
قانچە ئاختۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار تۆگىنىڭ ئىز - دېرىكىنى
ئالالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرى-
نى يىغىپ: «قانداق قاپ يۇرەك مېنىڭ تۆگەمگە زىيانكەشلىك
قىلدى؟ بۇنى تېپىش كېرەك، سىلەرنىڭ قانداق مەسلىھە-
تىڭلار بار؟» دېگەندە، ۋەزىرلەر:



— پادىشاھىئالەم، بىزنىڭ مەسلىھىتىمىز: بۇ ئىشنى شەھەرگە جاكارلىساق، تۆگىنى تېپىپ بەرگەن ئادەمگە زور ئىنئام بېرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتساق، شۇ چاغدا ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ بېرىدىغانلار چىقىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ ئويلاپ باقسا توغرا. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ پەرمان چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭدا «تۆگىنى تېپىپ بەرگۈچىگە ئۆزى رازى بولغۇدەك ئىنئام بېرىمەن ھەم ھاياتىغا كېپىللىك قىلىمەن» دەپ، قول ئاستىدىكى ھەممە يۇرتلارغا جاكارچىلارنى ئەۋەتىپتۇ. جاكاردىن كېيىن بۇ ئىشنى ھەممە ئادەم ئاڭلاپتۇ.

شۇ يۇرتتا بىر موماي بولۇپ، بۇ مومايدا ئاز - تولا جادۇگەرلىكمۇ بار ئىكەن، لېكىن بۇ موماي شۇ چاغقىچە ياتلىق بولمىغانىكەن، چۈنكى ھەرقانداق ئەر كىشى ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن. موماي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— پادىشاھىئالەم، جاكار چىقىرىپلا، تۆگىلىرىنى مەن تاپسام، قانداق ئىنئام بېرىدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

— ئۆزۈڭ ئېيت. نېمە تەلەپ قىلساڭ، مەن شۇنى بېرىدىمەن، — دەپتۇ. موماي:

— مەن مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە ياتلىق بولمىدىم. مېنى ئون سەككىز ياشلىق بىر يىگىتكە چېتىپ قويىدىلا، يەنە پۈتۈن ئۆمرۈمگە يەتكۈدەك بايلىق بېرىدىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ، ئىككىسى خەت - توختام قىلىشىپتۇ.

— ئەمدى، — دەپتۇ موماي، — ئىككى سېۋەتكە تارغاق، سۈزگە قاتارلىق ئاياللارغا كېرەكلىك بۇيۇملارنى قاچىلاپ بەرسىلە.

ئىككى سېۋەتنى مېلى بىلەن مومايىنىڭ دېگىنىدەك تەييارلاپ بېرىپتۇ. موماي بۇنى كۆتۈرۈپ، سېتىقچى سىياقىغا كىرىۋېلىپ يۇرت ئارىلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. موماي سېتىقچى-

لىق قىلىش داۋامىدا، مال ئىلىشقا تۇپلانغان ئادەملەرگە: «مۇشۇ يۇرتتا تۆگە باققان ياكى بولمىسا تۆگە گۆشى ساتقان ئادەملەرنى بىلەمسىلەر؟ مېنىڭ بويىغا يەتكەن بىر قىزىم ھازىر ناھايىتى قاتتىق ئاغرىق، مەن ئۇنى ھەكىملەرگە كۆرسەتسەم، تۆگە گۆشىنىڭ شورپىسىنى ئىچۈرسە ياخشى بولۇپ قالىدۇ، دېدى. مەن بىر نامرات تۇل خوتۇن، تۆگە ئېلىپ سويۇشقا قۇربىم يەتمەي، تۆگە سويغانلار بولسا شۇنىڭدىن بىرەر پارچە گۆشىنى ئايرىپ قىزىمغا شورپا قىلىپ بېرەي دېگەنىددىم. ماڭا تۆگە گۆشى تېپىپ بەرسەڭلار، قانداق مال ئالساڭلار ھەقسىز بېرىمەن» دەپ مېڭىپتۇ. موماي سېتىقچىلىق قىلىپ يۇرۇپ شەھەردىن يىراقلاپ ھېلىقى يامان ئوغرىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئوغرى سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆيدە ئۇنىڭ ئايالى قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ بالىسى يوق ئىكەن. ئۇ ئايال ئۆزى گۈزەل بولسىمۇ، ئەقىلسىزراق ئىكەن. ھېلىقى موماي قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ بۇ مەھەللىگە كەلگەندە، ئۆيدە زېرىكىپ ئولتۇرغان ئوغرىنىڭ ئايالى، سېتىقچى كەلدى، دەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ تارغاق، سۈزگە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپتۇ، لېكىن پۇل بەرسە موماي ئالماپتۇ. ئوغرىنىڭ ئايالى مومايدىن نېمە ئالىدىغانلىقىنى سورىسا، موماي بايىقى گەپلەرنى دەپتۇ. شۇ چاغدا ئوغرىنىڭ ئايالى:

— ئۇنداق بولسا ئوڭاي گەپكەن، تۆگە گۆشى دېگەن بىزنىڭ ئۆيدە جىق، يۈرسىلە، — دەپ مومايىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، قازانغا گۆش سالماقچى بوپتۇ. موماي:

— مېنىڭ قىزىم ئۆلەر ھالەتتە، شۇڭا مەن گۆشنى ئېلىپ چاققان ئۆيگە باراي، مۇشۇ گۆشتىن ماڭا ئازراق بېرىڭ، — دېگەندىن كېيىن، ئوغرىنىڭ ئايالى:

— گۆشتىن ئەنسىرىمىسىلە، بىزدە گۆش جىق، بۇ گۆش

تۇگەپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئېرىم يەنە تېپىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ. موماي:

— سىلەر بۇنى قەيەردىن ئەكەلگەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئايال:

— ئېرىم بىر تۆگىنى ئەكېلىپ سويۇپ قولۇم - قوشنىلارغا بېرىپ، قالغىنىنى سۈرلەپ ئېلىپ قويغانتى، — دەپتۇ.

موماي ھېلىقى گۆشتىن ئېلىپ خالتىغا قاچىلاپ، ئىككى سېۋەتتىكى نەرسىلەرنى ئۆي ئىگىسىگە ھەدىيە قىلىپ بېرىپتۇ - دە، گۆشنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە قايتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى يامان ئوغرىغا يۆتكەيلى:

يامان ئوغرى يۇرت كېزىپ يۈرۈپ، پادىشاھ ئەمدى قانداق شۇملۇقلارنى قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ھېلىقى ئەل - ئاغىنىلەرنى تېپىپ ئۇلاردىن سورىغانىكەن، ئۇلار: «پادىشاھ جاكار چىقىرىپ، ئوغرىنى تېپىپ بەرگەن ئادەمگە ئۆزى رازى بولغۇدەك سۆيۈنچە بېرىدىغان بولدى. بۇنى ئاڭلاپ ئەرگە تەگمىگەن بىر موماي، مەن تېپىپ بېرىمەن، مېنى ياش يىگىتكە ياتلىق قىلىندىلا، ئۆمرۈمگە يەتكۈدەك بايلىق بېرىدىلا، دېدى، پادىشاھ ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن موماي تۆگىنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئوغرىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ. ئۇ، ھەي، مېنىڭ ئەقىلسىز خوتۇنۇمغا يولۇققان بولسا، ئەھۋالنى دەپ قويمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ دەرھال ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۆيىگە بارسا خوتۇنى ھېلىقى سېۋەتتىكى پەرداز بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزىنى ياساپ ئولتۇرغۇدەك.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغرى خوتۇنىدىن.

— بىر موماي كەپتىكەن، — دەپتۇ خوتۇنى، — ئۆيدە قىزى خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىكەن، تۆگە گۆشى دورا بولۇپ قاپتۇ. مەن يېرىم خالتا تۆگە گۆشى بەرگەنىدىم، بۇ نەرسى-

لەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بىكارغا بېرىۋەتتى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغرى خوتۇنىغا:

— بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ ئىككىمىز نىكاھتىن ئاجراشتۇق، ئۆي - ماكان ھەممىسى ساڭا قالدى، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ، يوشۇرۇپ قويغان يەردىن تۆگىنىڭ مەرۋايىت يۈكى بىلەن دوۋسىقىنى ئېلىپ خۇرجۇنغا قاچىلاپتۇ - دە، چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەمدى پادىشاھقا كېلەيلى:

ھېلىقى جادۇگەر ئايال كېلىپ پادىشاھقا ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، پادىشاھ ياساۋۇللارنى ئوغرىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. ياساۋۇللار بارسا ئوغرى يوق.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ، ئۇ يامان نەرسە ئىكەن، ئەمدى ماڭا يەنىمۇ خەۋپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ ئوغرىنىڭ يەنە نېمىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئويلاپتۇ. پادىشاھنىڭ بويىغا يەتكەن ئىنتايىن گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ، ئۇ ئەمدى زىيانكەشلىك قىلسا مۇشۇ قىزىمغا زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىمنى قوغدىشىم كېرەك، دەپ دەرھال ۋەزىر - ۋۇزرالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، مەخسۇس بىر ساراي سالماقچى بوپتۇ ۋە سارايىنىمۇ سالدۇرۇپتۇ. قىز تۇرىدىغان ئۆيگىچە پەلەمپەي قىلىپ، ھەربىر پەلەمپەيگە ئادەم قەدەم قويسىلا قاتتىق جىرىڭلاپ كېتىدىغان قوڭغۇراقلارنى بېكىتىپتۇ، سارايىنىڭ ئەتراپىغا نەچچە يۈزلىگەن ياساۋۇللارنى قويۇپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭ بىلەن ئازراق خاتىرجەم بولۇپ، يەنە شۇ ئوغرىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ ياتسۇن، گەپنى ئوغرىغا يۆتكەيلى:

ئوغرى، توختا، سەن ئۆزۈڭچە جادۇگەرنى ئىشقا سېلىپ يېپ ئۇچىغا ئىگە بوپسەن. ئەمدى مېنىڭ ھۈنىرىمنى يەنە

كۆرۈپ باقسا دەپ، شەھەرگە كىرىپتۇ ۋە ھېلىقى ئىمارەتنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كىشىلەردىن سوراپ بۇ ئىمارەتنى پادىشاھ قىزىنى ساقلاش ئۈچۈن سالدۇرغانلىقىنى بىلىپتۇ.

بۇ ئىمارەتنى ساقلايدىغان ياساۋۇللار كېچىسى كىرىپ قاقماي ساقلاپ كۈندۈزى دەل چۈش ۋاقتىدا، ئەمدى ئادەم كىرەلمەيدۇ، دەپ ئۇخلايدىكەن. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن ئوغرى بىر كۈنى بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۈچىسىغا ئاق پەرىجە كىيىپ پەرىشتە سۈپەت ياسىنىپ، مەرۋايىت يۈك قاچىلانغان خۇرجۇنىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ھېلىقى سارايىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇ بىرىنچى پەلەمپەيگە كېلىپلا خۇرجۇندىكى يۈكنى قوڭغۇراقنىڭ ئىچىگە تىقىپتۇ. شۇ ئۇسۇل بىلەن تاكى قىز بار ئۆيگە بارغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى قوڭغۇراقلارنىڭ ھەممىسىگە يۈك تىقىپتۇ. قىز ياتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېرىپ، سۇ قاچىلانغان تۆگىنىڭ دوۋسىقىنى ئىلغۇغا ئېسىپ قويۇپ ئىشىكنى چېكىپتۇ. قىز ئۇخلاۋاتقانىكەن، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ:

— كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوغرى:

— مەن ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە، — دەپتۇ. قىز دەرھال كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، راستتىنلا ئاپئاق كىيىنگەن پەرىشتە ئىكەن. ئوغرى:

— قىزىم، مەن ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە سىزنى ئاسمانغا ئاچىقىپ كەتمەكچىمەن. دۇنيادا پەرىشتىدىن ئۈچى بار، بىرى ئاسماندا، بىرى مەن، يەنە بىرى بولسا سىز، — دېگەنىكەن، قىز ئۇنىڭغا ئىشىنىپ:

— ياساۋۇللار ئويغانغۇچە بۇ يەردىن كېتەيلى، — دەپتۇ.

— ئالدىرىماڭ، — دەپتۇ ئوغرى، — ئۇلار ئويغانسىمۇ مېنى كۆرەلمەيدۇ. مېنىڭ كىيىمىمنىڭ بىرەر يېرى سىزگە تېگىپ تۇرسىلا سىزنىمۇ كۆرەلمەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ. مەن

ئاسماندىن چۈشكۈچە ھېرىپ كەتتىم، شۇڭا مەن بۇ يەردە يې-
تىپ ئارام ئېلىشىم كېرەك، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قىز
ئوغرىغا ئورۇن راسلاپ بېرىپتۇ. ئوغرى ئورۇندا يېتىۋېلىپ
قىزنىمۇ بىللە يېتىشقا دەۋەت قىپتۇ. قىز ئىككىلەنمەيلا
ئوغرىنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ. ئوغرى ئۇياقتىن - ئۇياقتىن
سۆزلەپ يۈرۈپ قىزنى ئېرىتىپتۇ - دە، ئىككىسى قوشۇلۇپ-
تۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوغرى مەقسىتىگە يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن ئوغرى قىزغا:

— ئەمدى مەن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇۋالاي، سىز
تەييارلىقىڭىزنى قىلىپ تۇرۇڭ، — دەپ، قىزنى ئۆيدە قويۇپ
ئىشىكتىن چىقماقچى بولغاندا، قىز ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ:

— ياق، سىز كېتىپ قالسىڭىز بولمايدۇ، مەن رەسۋا
بولدۇم، ئەمدى سىزدىن ئايرىلمايمەن، — دەپتۇ. ئوغرى:

— ياق، مەن كەتمەيمەن، ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز چاپىنىم-
نىڭ پېشىنى تۇتۇپ تۇرۇڭ. مەن ئىشىك ئالدىدا تاھارەت ئا-



لىمەن، ــ دەپتۇ ــ دە، چاپىنىنىڭ پېشىنى قىزغا تۇتقۇزۇپ
قويۇپ ئۆزى سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ چاپىنىنىڭ پېشىنى كېسىد-
ۋېتىپ، ئىشىك بېشىدا ئېسىقلىق تۇرغان ھېلىقى دوۋساقنىڭ
كىچىككىنە يېرىنى تېشىپ قويۇپتۇ. دوۋساقتىكى سۇ جى-
رىلداپ يەرگە چۈشۈۋېرىپتۇ. ئوغرى شەھەرنىڭ سىرتىغا چى-
قىۋاپتۇ. قىز چاپاننىڭ پېشىنى تۇتۇپ، سۇنىڭ جىرىلدىغان
ئاۋازىنى ئاڭلاپ: «پەرىشتە دېگەن خويمۇ ئۇزاق تاھارەت ئال-
دىكەن» دەپ تۇرىۋېرىپتۇ. خېلىدىن كېيىن دوۋساقتىكى سۇ
تۈگەپ ئاۋاز توختىغاندا، قىز ئەمدى قايتىپ كىرىدۇ دەپ،
قارىسا يەنە كىرمەپتۇ. قىز ئالدىراپ چاپاننىڭ پېشىنى قاتتىق
تارتىپتىكەن، قارىسا قولىدا چاپاننىڭ كېسىۋەتكەن پېشى تۇرغۇ-
دەك. ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، پەرىشتە يوق، ئىشىك بېشىدا
سۈيى تۈگىگەن دوۋساق ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن
قىز بىر چىرقىراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا سارايدىكى
كېنىزەكلەر ئويغىنىپ چىقىپتۇ. ياساۋۇللارمۇ ئويقۇسىنى ئې-
چىپ قىز تەرەپكە مېڭىپتۇ. پەلەمپەيدىكى قوڭغۇراقلارمۇ جى-
رىڭلىماپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە قارىسا پادىشاھنىڭ ھېلىقى تۆ-
گىسىنىڭ يۈگى، ئىشىك بېشىدىمۇ تۆگىنىڭ دوۋسىقى تۇر-
غۇدەك. بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ئۆزىنى كاچاتلاپ
كېتىپتۇ، مېنىڭ تۆگەمنى يوقاتقانمۇ شۇ، قىزىمنى بۇلغىغان-
مۇ شۇ، زادى ئۇنى بوش قويمايمەن دەپ، ھەممە ئاماللارنى
ئىشلىتىپ بېقىپتۇ، لېكىن ئوغرىنى زادىلا تاپالماپتۇ.

پادىشاھ ئوغرىنى ئىزدەپ تۇرسۇن، گەپنى قىزغا يۆتكەيلى:

پادىشاھنىڭ قىزى ھېلىقى كۈندىكى قوشۇلۇش ئارقىلىق
ھامىلىدار بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئاي ــ كۈنى توشۇپ ئوغۇل
تۇغۇپتۇ. ئوغۇل تۇغۇلغاندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنى ئارزۇلاپ
باقتۇرۇپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ بالا تۆت ياشقا كىرىپ قاپ-

تۇ. پادىشاھ بىر كۈنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى مەسلىھەتكە چا ـ
قىرىپتۇ ۋە ئۇلارغا:
— بىز بىر ئوغرىنى تاپالماي ئۆتۈپ كېتىمىزمۇ؟ سىلەر
ياخشى بىر مەسلىھەت كۆرسىتىڭلار، مەن ئوغرىنى قىيما ـ
چىيما قىلمىسام كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ، — دەپتۇ. ۋەزىر ـ
ۋۇزرالار ئويلىشىپ:
— پادىشاھىئالەم، كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ نەرسە. قىزلىرى
بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇل ئاشۇ ئوغرىنىڭ بالىسى، مۇشۇ
بالا ئۆزىنىڭ دادىسىنى تونۇيدۇ. بىز تەۋەيىمىزدىكى بارلىق
بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەرنى يىغىپ مۇشۇ بالىنىڭ ئالدىدىن
ئۆتكۈزەيلى. بالا كىمنى دادا دېسىلا شۇنى سوراققا تارتايلى، —
دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ مەسلىھەت پادىشاھنىڭ دىتىغا
يېقىپتۇ ـ دە:
— بوپتۇ ئەمىسە، ئىشنى باشلايلى، — دەپتۇ. پادىشاھ ـ
نىڭ قىلماقچى بولغان بۇ ھەرىكىتىدىن ھېلىقى ئوغرىمۇ
خەۋەر تېپىپتۇ ـ دە، ئامال ئىزدەپتۇ. ئۇ ئۆز يېنىدىكى پۇل ـ
نىڭ ھەممىسىگە گازىر ـ پۇرچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئې ـ
لىپ، شەھەردىكى ئۇششاق بالىلارنىڭ ھەممىسىگە تارقاتقىلى
تۇرۇپتۇ. ئۇ:
— مېنى دادا دېسەڭلار سىلەرگە كۈندە كېلىپ بېرىنەر ـ
سىلەرنى بېرىمەن، — دەپتۇ. بارغانسېرى بۇ شەھەردىكى كى ـ
چىك بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرگەندە «دادام كەلدى» دەپ
ئەگىشىۋالىدىغان بوپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ بارلىق بالاغەتكە يەتكەن ئەر ـ
لەرنى يىغىپ، ھېلىقى بالىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپ ـ
تۇ، لېكىن بالا ھېچكىمنى «دادا» دېمەپتۇ. ھېلىقى ئوغرىمۇ
بۇ چاغدا شەھەردە ئىكەن. شۇڭا، ئۇ: «بالا، مېنى تونۇمدۇ يا

تونۇمامدۇ، بىر سىناپ باقاي، ئەگەر تونۇپ قالسا قۇتۇلۇشقا يەنە ئامالىم بار» دەپتۇ ـ دە، باشقىلارغا ئارىلىشىپ بالىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ بالىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بالىمۇ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، «دادا» دەپلا ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. شۇ ھامان ياساۋۇللار ئوغرىنى تۇتۇپ، سۆرەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ:

— خوش، سەن تۆگەمنى ئوغرىلىغان ئوغرىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغرى، — مەن ئۇنداق ئىشتا يوق، مەن ئۇششاق ـ چۈششەك سودا ـ سېتىق بىلەن جېنىمنى باقىمەن.

پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا، ئەتىگەندىن بېرى نەچچە مىڭ ئادەم ئۆتتى. بۇ بالا ھېچكىمنى «دادا» دېمەي، سېنى نېمىشقا «دادا» دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوغرى:

— پادىشاھئالەم، كىچىك بالا دېگەن نېمە دېمەيدۇ. كوچىغا چىقسام ئۇششاق بالىلارنىڭ تولىسى مېنى دادا دەيدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپكە ئىشەنمەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئوغرى، — ماڭا ياساۋۇللارنى قوشۇپ قويسىلا، راست ـ يالغانلىقىنى ئايرىپ كېلىدۇ.

پادىشاھ ئوغرىنىڭ دېگىنى بويىچە بىرنەچچە ياساۋۇلنى ئۇنىڭغا قوشۇپ كوچىغا چىقىرىپتۇ. دەرۋەقە ئۇلار كوچىغا چىقسا، ئۇنى كۆرگەن كىچىك بالىلارنىڭ ھەممىسى «دادا» دەپ ئەگەشكۈدەك. ياساۋۇللار قايتىپ كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ بېشىنى تۇتۇپ قاپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي، راستىڭنى ئېيت، سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ تۆ-

گەمنى ئوغرىلاپ، قىزىمغا چىقىلغان بولساڭ، سەن ئەقىلسىز ئوغرىلاردىن ئەمەس، بەلكى ئەقىللىق، چىچەن ئوغرى ئىكەن-سەن، چارە - تەدبىردە مەندىن ئۈستۈن چىقتىڭ. ئەمدى مېنىڭ يۈرت سورىغۇدەك يۈزۈم قالمىدى. راستىڭنى ئېيتساڭ، قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ قىزىمنى ساڭا بېرىدىمەن، پادىشاھلىقىمنىمۇ بېرىمەن. يۈرت چوڭلىرى ئالدىدا توختام تۈزىمەن، — دەپتۇ - دە، يۈرت چوڭلىرى ئالدىدا خەت - توختام قىلىپ ئوغرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئوغرى:

— ئاشۇ ئوغرىنىڭ دەل ئۆزى مەن، — دەپ ۋەقەنىڭ جەريانىنى پادىشاھقا سۆزلەپ بېرىپتۇ، — بۇ ئوغرىلىقنى خەلقنى ئازابتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىلدىم، چۈنكى تۆگىلىرى خەلققە جىق ئازاب سالغانىدى. تۆگىنى ئوغرىلىغىنىمدىن كېيىن سىلى مېنى تۇتۇشقا ئامال - چارە قوللاندىلا، شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ چارە ئىشلەتتىم.

پادىشاھ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قايىل بوپتۇ - دە، ئۆز ۋەدىسى بويىچە قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ قىزىنى ئوغرىغا بېرىپتۇ، پادىشاھلىق تەختىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئوغرى تەختكە چىققاندىن كېيىن، خەزىنىدىكى دۇنيالارنى يېتىم - يېسىرلارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئادىللىق بىلەن شەھەر سوراپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.



# يېرىم پۇرچاق

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەر ـ خوتۇن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار-نىڭ بەش بالىسى بار ئىكەن. ئۇلار كۇنلۇكى ئاسماندىن چۈشكەن يەتتە كىشىلىك ئوزۇق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، كىچىك ئىككى بالىسىنى ئېزىقتۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئۆيدە قالغانلار بۆلۈشۈپ يېمەكچى بوپتۇ ـ دە، دادىسى كى-چىك ئىككى بالىسىنى ئارقىسىغا سېلىپ، يىراق بىر يەردى-كى ئۈجمىلىككە ئاپىرىپ، ئېگىز ئۈجمىنىڭ ئۇستىگە چى-قىپ تۇرۇپ:

— بالىلىرىم، مەن ئۈجمە قاققىلى تۇرسام، ئۇستۇنگە قارىماڭلار، ئۇچامدا كىيىمىم يوق، — دەپ ئۈجمىنى قاتتىق سىلكىشكە باشلاپتۇ. بالىلار باش كۆتۈرمەي ھە دەپ ئۈجمە يېيىشكىلى تۇرۇپتۇ. بالىلارنىڭ دادىسى ئۈجمىدىن ـ ئۈجمى-گە ئاتلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. بالىلار ئۈجمە يەپ قورسىقى تويى-غاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈجمىگە شۇنداق قارىسا، دادىسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىلار: «ۋاي دادا، سىز نەدە؟» دەپ يىغلىشىپتۇ. دادىسى كەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىر بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىپتۇ. بالىلارنىڭ دادىسى ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئەتىسى ئاسماندىن



يەتتە كىشىلىك ئوزۇق چۈشمەي، بەش كىشىلىك ئوزۇق چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەر ـ خوتۇن قىلغان ئىشلىرىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، ئىككىسى بالىسىنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ.

ئىككى بالا شۇ ماڭغىنىچە بىر يەردە كېتىۋاتسا، كىچىكىنىڭ ئالدىغا بىر تال پۇرچاق ئۇچراپتۇ. پۇرچاقنى پارچىلاپ يېرىمىنى ئۆزى يەپ، يېرىمىنى ئاكىسىغا بېرىپ يولىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا توگمەنىنىڭ ئوقى ئۇچراپتۇ. ئۇكىسى:

— بۇ ئوقنى ئېلىۋېلىپ ئۆيگە ئالغاچ بارايلى، بىرەر نەرسىگە لازىم بولۇپ قالار، — دەپتۇ. ئاكىسى:

— يول ئازابىدا ھېرىپ جان ئاران قالغاندا، بۇنى كۆتۈرۈپ نېمە قىلىمىز؟ — دەپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر يەرگە كېلەلمەي، ئاخىر ئۇكىسى ئاكىسىغا:

— ئۇنداق بولسا يېرىم پۇرچىقىمنى بەر، ئۆزۈم يەپ، بۇنىمۇ ئۆزۈم كۆتۈرىمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئا-

كىسى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئاخىر ھېلىقى ئوقنى كۆ-
تۈرۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار بىر قويۇق ئورمانلىققا
يېتىپ كەپتۇ ـ دە، مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ ئەتە ئەتىگەندە
يولغا چىقىشنى ئويلىشىپ تۇرۇشىغا، يىراقتىن قىرىق ئوغ-
رىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا قورقۇنچلۇقتا دەرھال
تېرەكنىڭ ئۇستىگە چىقىۋاپتۇ. ئوغرىلار قېرىشقاندەك باللار
چىقىۋالغان تېرەكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، پادىشاھنىڭ خەزىنى-
سىدىن ئوغرىلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى بىر ـ بىرىگە
كۆز ـ كۆز قىلىشىپ، ئوغرىلىق ماھارەتلىرىنى سۆزلىشىپ
ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر ئوغرى:

— ئاغىنىلەر، ئۆشنىمىزدىكى خۇرجۇن ـ تاغارلارنى قو-
يۇپ، قازان ئېسىپ تاماق ئېتىپ يەپ، قورسىقىمىزنى تويغۇ-
زۇپ ئاندىن يولىمىزغا ماڭمايمىزمۇ؟ — دەپ مەسلىھەت
كۆرسىتىپتۇ. قالغان ئوغرىلارمۇ بۇ مەسلىھەتكە كۆنۈپ، يوغان
قازاندىن بىرنى ئېسىپتۇ، ئەمما قازانغا قۇيىدىغان ياغ يوق
ئىكەن. ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ خۇدادىن ياغ تەلەپ قى-
لىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا تېرەكنىڭ ئۇچىغا چىقىۋالغان باللار-
نىڭ كىچىكىنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ كېتىپتۇ. چىدىيال-
مىغان بالا ئاكىسىغا:

— ئاكا، سىيگۈم كېلىپ كەتتى، قانداق قىلىمەن؟ —
دەپتۇ. ئاكىسى:

— ئوبدان ئۇكام، ھەرقانچە بولسىمۇ بىردەم چىدا، ئۇلار
بىزنى كۆرۈپ قالسا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دەپتۇ. گەپكە كۆنمى-
گەن ئۇكىسى:

— مېنى سىيگىلى قويساڭ قوي، بولمىسا يېرىم پۇرچى-
قىمنى بەر! — دەپتۇ. غەزەپكە كەلگەن ئاكىسى:

— نېمە قىلساڭ قىل، — دەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇكىسى

شۇنداق سىيگەنلىكەن، سۇيدۇك قاراقچىلارنىڭ قازىنىغا چۈ-شۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوغرىلار: «خۇدا بىزنىڭ تەلىپىمىزنى قوبۇل قىپتۇ» دەپ، خۇشال بولۇشۇپ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىر قازان پولۇ ئېتىپ، قوللىرىنى يۇيۇپ ئاشقا ئېغىز تەگ-كۈچە، تېزەك ئۇستىدىكى قورسىقى ئېچىپ نەپسى تاقىلداپ كەتكەن باللارنىڭ كىچىكى ئاكىسىغا:

— ئاكا، بۇ ئوغرىلارنىڭ بېشىغا ماۋۇ تۇگمەن ئوقىنى تاشلايمۇ؟ — دەپتۇ. ئاكىسى:

— جېنىم ئۇكام، ئۇنداق قىلما، بىكاردىن ـ بىكار جې-نىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، — دەپ ئۇكىسىغا يالۋۇرۇپتۇ. ئۇكىسى:

— ھەي ئاكا، ئەخمەقلىق قىلما. ئالدى بىلەن بۇ ئوقنى ئۇلارنىڭ بېشىغا تاشلاي، بۇنىڭدىن قورقۇپ قېچىپ كەتسە بىزمۇ قۇتۇلىمىز، — دەپتۇ.

— ئۇكام، مەن سەندىن چوڭ بولغاندىكىن مېنىڭ گې-پىمنى ئاڭلا! — دەپتۇ ئاكىسى ئۇكىسىغا يالۋۇرۇپ.

— بۇنى تاشلىغىلى قويمىساڭ، يېرىم پۇرچىقىمنى بەر! — دەپ ئاكىسىغا تەھدىت سالغاندىن كېيىن، ئۇكىسىنىڭ تاپا-تەنىسىگە چىدىمىغان ئاكىسى:

— خالىغىنىڭنى قىل، — دەپتۇ. ئۇكىسى تۇگمەننىڭ ئوقىنى شۇنداق بىر تاشلىغانىكەن، ئاش يەپ ئولتۇرغان ئوغ-رىلارنىڭ بېشىغا چۈشۈپتۇ. ئالاقزادە بولغان ئوغرىلار ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي، ئوغرىلىغان مال ـ دۇنيالىرىنىڭ ئالغى-نىنى ئېلىپ، قالغىنىنى قويۇپ بەدەر قېچىشىپتۇ. باللار خۇشال بولۇشۇپ دەرھال دەرەختىن چۈشۈپ، ئۇلجا قالغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، يامبۇ ـ تىللالارنى قويۇنلىرىغا سېلىپ يەنە ئۆز يوللىرىغا راۋان بوپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ

ئالدىغا بىر كونا ئۆي ئۇچراپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن مەسلىھەت قىلىپ، مۇشۇ ئۆيدە قونماقچى بولۇپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، بىر ئەسكى توگمەن ئىكەن. ئۇلار توگمەنگە كىرىپ سۇكەننىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىپ تۇرۇشىغا، بىر توپ ياۋايى هايۋانلار كىرىپتۇ. بەكمۇ قورقۇپ كەتكەن ئاكا ـ ئۇكا بىر كونا داسنى ئۇرغىلى تۇرۇپتىكەن، قورقۇپ كەتكەن هايۋانلار ئۆينىڭ ئىچىدە تۆت تەرەپكە پىتىراپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ چېپىشىپ، قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا توگمەننىڭ ئوچۇق ئىشىكى جالاقىدە يېپىلىپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا، توگمەننىڭ ئالدىدىكى يولدا كېتىۋاتقان قىرىق سودىگەر بۇ ئۆيدىكى گۇمبا ـ گۇمباڭنى ئاڭلاپ، بىرەر توي ـ تاماشا بولۇۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ توگمەننىڭ ئىشىكىنى شۇنداق ئېچىشىغا، قاچقىلى يەر تاپالماي تۇرغان هايۋانلار پاتىپاراقلىشىپ قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاكا ـ ئۇكىلار كارۋانلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ:

— سىلەر پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدىڭلار، پادىشاھ بۇ هايۋانلارنى بىزگە ئۇسسۇل ئۆگىتىسلەر دەپ، تۇتۇپ بەرگەن، بىز ئەمدى پادىشاھنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ بارىمىز؟ ! — دەپ كارۋانلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىش ئۈچۈن سۆرەپ مېڭىپتۇ. كارۋانلار بۇ هايۋانلارنى تۇتۇپ ئەكېلىشكە كۆزى يەتمەي، بېشى قېتىپ ئاخىر بالىلارغا مال ـ دۇنياسىنىڭ يېرىمىنى بەرمەكچى بوپتۇ. بالىلار رازى بوپتۇ. ئۇلار كارۋانلار بىلەن خوشلىشىپ، مال ـ دۇنيالىرىنى ئېلىپ، ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ ۋە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ خاتىرجەم ياشاپتۇ.

# خاسىيەتلىك دورا

بۇرۇنقى زاماندا شاھىمەردان ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىزى بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئېتى ئابدۇل ئىكەن. پادىشاھ ئابدۇلنى تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۆز ھامىيلىقىدىكى شەھەرنىڭ پادىشاھلىقىغا نىشانلاپ، مەخسۇس قەسىر ياسىتىپ، ئىنىكئانا، قىرىق كېنىزەك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئارزۇ - ئارمانلاپ، ئەتىۋارلاپ بېقىپ چوڭ قىپتۇ. بىراق ئابدۇل كۆزىگە قارىغانسېرى لايغەزەل، ھاڭۋاقتى بولۇپ چىقىپتۇ. شاھ غەمگە پېتىپ، ئاتاقلىق دانىشمەن - ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ، ئون مىڭ تىللا خەجلەپ دەرس بەرگۈزۈپتۇ. ئابدۇل ئوڭلانماپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، سەپراسى مىڭ گەز ئۆرلەپتۇ.

— ئەي ئوردا گۈلى، — دەپتۇ شاھ ئوڭ قول ۋەزىرىگە، — بىر كېچە - كۈندۈز مۆھلەت بېرىمەن. ئابدۇلنى زېرەكلەرنىڭ زېرىكى، چېچەنلەرنىڭ چېچىنى، چاققانلارنىڭ چاققىنى قىلغۇدەك دورا تېپىپ كەل! مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە تېپىپ كېلەلىسەڭ، ئەجرىڭ ئۈچۈن مىڭ تىللا ئالىسەن، تاپالمىساڭ كاللاڭ مېنىڭ!

ۋەزىر: «خوپ، تەقسىر!» دەپ ئارقىسىچە مېڭىپ، پادشاھنىڭ قەسرىدىن ئايرىلىپتۇ، ئالدى - ئارقىسىغا باقماي

ئۇدۇل تېۋىپ ـ ھەكىملەرنىڭ يېنىغا چىپىپتۇ. ۋەزىر، بۇ قانچىلىك گەپ ئىدى، ئۇنداق دورىنى بىرىپلا تاپىمەن، مىڭ تىللانى ساق سالىمەن، دەپ ئويلاپتۇ، ئەمما تېۋىپلار:

— خۇدا ھەققى، ئۆمرىمىزدە ئۇنداق كېسەلگە دورا ياساپ باققان ئەمەسمىز، بەلكىم ئەرشتە باردۇ، ئاللا ئىگەمگە سېغىنىڭلار، — دېيىشىپ دۇكانلىرىنى تاقاشقا باشلاپتۇ.

ۋەزىر تىت ـ تىت بولۇپ، دورا ـ دەرمەك بازىرىغا بېرىپتۇ. دورىپۇرۇشلارنىڭمۇ جاۋابى شۇنداق بوپتۇ. ۋەزىر بىر تاختاي ياسىتىپ، ئۇنىڭغا شاھزادە ئابدۇلنىڭ كېسىلىنى پۈتۈپ، ئابدۇلنى داۋالاپ زېرەكلەرنىڭ زېرىكى، چېچەنلەرنىڭ چېچىنى، چاققانلارنىڭ چاققىنى قىلىپ ساقايتقۇچىلارغا مىڭ تىللا ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، چىقمىغان دۆڭ، چۈشمىگەن ئوي، بارمىغان يەر قالماپتۇ. ئۇچرىغانلىكى ئادەم بېشىنى چايقاپ كېتىپ قاپتۇ. ۋاقىت توشۇپتۇ. ۋەزىر بېشى قېتىپ، غەمگە پېتىپ ئۆيىگە كەپتۇ. ۋەزىر ئوردىدىكى چاغدا ئۆيىگە ئايلاپ كېلەلمەيدىكەن، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ئۇنى كۆرۈپ ئەركىلەپ ئالدىغا چىقىپتۇ. ۋەزىر ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ، بېشىغا چۈشكەن كۈننى بايان قىلىپ، رازى ـ رىزالىق بېرىپتۇ. ئۆيدە يىغا ـ زار كۆتۈرۈلۈپتۇ. شۇ ئەسنادا بىرى ئىشىكنى قېقىپتۇ، ۋەزىر ئىشىكنى ئېچىپ، يۈزلىرى قورۇق، پۇتلىرىدا چورۇق، ساقىلى كىندىكىدىن ئاشىدىغان، مۈرىسىدە كەتمىنى، قولتۇقىدا سېۋىتى بار بىر دېھقاننى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆيدىكى داد ـ پەريادنى ئاڭلاپ كىرگەنىكەن.

— بالام، بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي ۋەزىردىن.

ۋەزىر بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ كېلىپ، مۇنداق

مۇناجات ئوقۇپتۇ:

پىرقىرايدۇ بېشىمدا بىر تۇگمەن تېشى،
ئاقۇر دەريا بولۇپ ئۇرۇق - تۇغقان يېشى.
سايىۋەن بوپ بۇ بېشىمغا، جېنىم بوۋا،
بەرسەڭ ئىدىڭ ئابدۇل ئۇچۇن ئېسىل دورا.

بوۋىنىڭ كەچۈرمىشلىرى كۆپ بولغاچقا، بىلىدىغانلىرىمۇ مول ئىكەن. ئۇ ۋەزىرنىڭ هالىغا يېتىپ، كۆڭۈل ساندۇقىنى ئېچىپتۇ:

— يىغلىما، بالام. شاهزادىگە دورا تاپماق بەكمۇ ئاسان، پۇلىمۇ بەك ئەرزان. ئۇ دورا خاسىيەتلىك هەم شىپالىق، قويىماس تەندە زەررىچە ئىللەت يېگەن هامان.

بوۋىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ۋەزىرنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ، تېنى يايراپ كېتىپتۇ.



— ئەي شەپقەتلىك بوۋا، — دەپتۇ ۋەزىر تىزلىنىپ، — شۇ دورىنىڭ نامىنى دەپ بەرسەڭ.

— قۇلاق سال، بالام، ئول دورىنى ئاتايدۇ مۇساپىرچىلىق شارابى، شاهزادە ئۇنىڭدىن

ئىچسە قانغۇچە، ھاسىل بولۇر مەقسەت ـ مۇرادى. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن خاسىيەتلىك دورا يوق. ناۋادا پادىشاھ سوراپ قالسا، دېھقان راخمان بۇيرۇدى، دېگىن. خەير، بالام، مەن كەتتىم، — دەپتۇ بوۋاي.

ۋەزىر بوۋاينىڭ تۇرار جايىنى سورىۋېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ. بېرىلگەن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە، تۆت جاللات ئوردا ئالدىدا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ۋەزىرنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇلار ۋەزىرنى دارقىرىتىپ سۆرەپ پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

— داد، پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ جاللاتلار، — ۋەزىر قورۇق قول كەپتۇ. كاللىسىنى ئوردىدا ئالامدۇق ياكى جازا مەيدانىدىمۇ؟ ئەمرلىرىگە قاراپ قالدۇق!

— ئالدىراشما! — دەپتۇ پادىشاھ جاللاتلارنى توسۇپ ۋە ۋەزىردىن سوراپتۇ، — ھەي نامەرد، قېنى، ئېيت، نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ؟

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئايىغىغا تاشلىنىپ يەرنى سۆيۈپتۇ، كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ، دېھقان راخمان بۇيرۇغان دورىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ شاھىمەردان خۇش بولۇپ جاللاتلارغا ئەمر قىپتۇ:

— جاپاكەش ۋەزىرىمنى دەرھال يۆلەپ تۇرغۇزۇڭلار، پۇتىدىكى ئىشكەلنى بوشىتىڭلار!

جاللاتلار «خوپ» دېيىشىپ، قىلىچلىرىنى قىنىغا سېپتۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. خەزىنىچى مىڭ تىللانى ۋەزىرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ دېھقاننى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغىمۇ مىڭ تىللا ئىنئام قىپتۇ، قىرىق تۆگە مال ۋە قىرىق قۇل جابدۇتۇپ، شاھزادە ئابدۇلنى كارۋانلارغا قوشۇپ قويۇپتۇ. كارۋانلار پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى ۋەجىدىن، ئاب-



دۇلنى كارۋان بېشى قىلىپ تەيىنلەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

كارۋانلار شەھەردىن ئايرىلىپتۇ، دەشتۇ باياۋان، قۇملۇق چۆللەرنى ئارىلاپ مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. پىژ - پىژ ئاپتاپتا ئابدۇلنىڭ پېشانىسى كۆيۈپتۇ، كۆزلىرى تورلىشىپ، لەۋلىرى قۇرۇپ، ئۇھ دېگۈچىلىك مادارى قالماپتۇ، بەللىرى مۈكچىيىپ، كاسىسى تۆگىنىڭ چومىغا چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئابدۇل بولالماي تۆگىدىن ئۆزىنى تاشلىۋەتكىلى ئازلا قاپتۇ، قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئەسلەپ، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا، پۇت - قولىنى يۆلىگىلى ئاچا تاپالماي قاپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر ئاي سەپەر قىلىپ، ئەتراپى بوستانلىق بىر بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەپتۇ. سۇنى كۆرۈپ تېنى يايراپ، يۈرەكلىرى ئويناپ كەتكەن ئابدۇل بىر كېچە قونۇپ، پۇت - قولىنى سۇنۇپ، ھاۋالىنىپ ھاردۇقىنى چىقارماق بوپتۇ. باشقا كارۋانلار ئۇنى توسۇپتۇ:

— بۇلاق بېشىدا يېتىش خەتەر، بۇ يەردىن كەتمىسەك، بولىمىز ئىت - ئېشەكتىنمۇ بەتتەر. چۈنكى، دۆڭ ئارقىسىدا

باردۇر ماراقچى، كۆزىمىز ئۆيقۇغا كەتكەندە يېتىپ كېلۇر قاراقچى، بۇلاپ كېتەر مالنى، ئالۇر ھەم ئەزىز جاننى.

— نامىئەمەلىمدۇر شاھزادە، شاھ ئەۋلادىغا چىقىلىدىغان قاراقچىنىڭ جېنى ئۇنىمكەن؟ — دەپتۇ ئابدۇل ۋە قۇللىرىغا تۆگىلەردىكى ماللارنى چۇشۇرۇشكە بۇيرۇپ، ئۆزى بۇلاقتا يۇ- يۇنغىلى تۇرۇپتۇ، كارۋانلار پادىشاھنىڭ ھاۋالىسىنى ئەسلە- تىپ، يالۋۇرۇپ، دولىسىغا قاقسىمۇ، قورقۇتۇپ.زورلاپ باق- سىمۇ، قوزغالغىلى ئۇنىماپتۇ. كارۋانلار تۆگىلىرىنى سۇغىرىپ، تۇلۇملىرىنى سۇغا تولدۇرۇپ، نائىلاج مېڭىپ كېتىپتۇ.

ئابدۇل يۇك - تاقلىرىنى بۇلاق بېشىدىكى سەيناغا دۆۋى- لىتىپ، ئۇستىدە ئېغىناپ يېتىپتۇ. قۇللار تۆگىلەرنى چۆپ- لۇككە قويۇۋېتىپ، يۇكلەرنى چۆرىدەپ ئورۇن ئاپتۇ. ئۇلار بىرپەستىن كېيىن ھارغىنلىق ئىچىدە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. خو- رەك ئاۋازى قاراقچىلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. قاراقچىلار ھەش -



پەش دېگۈچىلا يېتىپ كەپتۇ ـ دە، قۇللارنى ئۆلتۈرۈپ، ماللارنى بۇلاپ ـ تالاپتۇ. ئابدۇل تاراق ـ تۇرۇق، گۈلدۈر ـ غالاپتىن ئويغىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ تولغىنىپ، ئەتراپقا قاراپ، بېشىغا ئەجەل قۇشى قونغانلىقىنى پەملەپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن غايىبانە رازىلىشىپتۇ، كېيىن كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپ، ئاستا ئۆمىلەپ بېرىپ، ئۆلۈكلەر قاتارىغا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. قاراقچىلار قانغا مىلىنىپ ياتقان ئۆلۈكلەرنى سۆرەپ ئاپىرىپ گوداڭغا تاشلاپتۇ ـ دە، مال ـ مۈلۈكنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، تۈن قاراڭغۇسىدا غايىب بوپتۇ.

ئابدۇل جەسەتلەر ئارىسىدا قان يۇتۇپ، قاراقچىلارنىڭ كېتىشىنى كۈتۈپ، ئىمجان ھالدا يېتىپتۇ، ئەتراپ تىنچلانغاندىن كېيىن، تىرغاقلىرى تىتىلىپ، ئالقانلىرى قاپارغۇچە ھەپىلىشىپ گوداڭدىن چىقىپتۇ، ئارقىسىغا قايتاي دېسە يول يىراق، ئاتىسىنىڭ تاپا ـ تەنىسى ئۇنىڭدىن جىقراق، ئاخىر كارۋان ھەمراھلىرىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ، ماڭا ـ ماڭا، بۇلاق بېشىدىن يىراقلىشىپتۇ. تاڭ يورۇپتۇ، ئابدۇل شۇنداق سەپسېلىپ قارىسا، تۇرغان يېرى بىر يەر، بىر ئاسمان، كىيىملىرى غەرق قان. ئۇ ئۇستۇۋېشى، پۇت ـ قوللىرىدا ئۇيۇپ قالغان قانلارنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، يېشى قۇرۇغۇچە يىغلاپتۇ، يىغلا ـ يىغلا دەشت ـ باياۋاندا يەتمىش كۈندەك يول يۈرۈپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغاندا بىر شەھەرگە ئۇلىشىۋاپتۇ.

شەھەر دەۋازىسىنىڭ قېشىدا بىر ناۋايخانا بولۇپ، ئىلىم ـ سېتىمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. ئابدۇل كىشىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قارىغانىكەن، كۆزى پەشخۇندىكى گىردە ـ شىرمانلارغا چۈشۈپتۇ. شۇئان قوۋۇزى مىتىلداپ، ئاغزىغا سېرىقسۇ يۇگۇرۈپتۇ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ، مادارى ئۈزۈلۈپتۇ، سېتىۋالاي دېسە، بىر يارماقمۇ پۇلى يوق ئىكەن، ئىلاجىسىز لېۋىنى

شوراپ، ئاغزىنى مىتىلدىتىپ، قورسىقىنى قولى بىلەن مۇ-جۇپ، كۆزىنى ناندىن ئۈزەلمەي تەلمۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ناۋايخانا خوجايىنى سوراپتۇ:

— ھەي يىگىت، دىۋانىمۇسەن ياكى ئوغرى، سوئالىمغا جاۋاب بەر توغرىدىن - توغرى!

— مۇساپىرمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئابدۇل تەزىم قىلىپ، — ئاش - نانسىز يۈرگىلى يەتمىش كۈندىن ئاشتى، نانلىرىنى كۆرۈپ سەۋر - تاقىتىم قاچتى. ئاچلىقتىن ئاز قالدى بۇ تەندە جان، دۇئا قىلاي، سەدىقە قىلسىلا بىر نان.

خوجايىنىنىڭ كۆڭلى تىنىپ، دىلى ئېرىپتۇ، ئابدۇلنى دۇكانغا باشلاپ كىرىپ، ھورى پۇرقىراپ تۇرىدىغان بىر تەۋەڭ شەربەت نان، بىر چۆگۈن دەملەنگەن چاي كەلتۈرۈپ، دەپتۇ:

— نەۋ يىگىت، قانچە يېيەلىسەڭ، شۇنچە يېگىن، سې-نىڭدىن قىلمايمەن ھېچ نەرسە تەلەپ. قېنى ئال، باق، ئول-تۇرما قاراپ.

ئابدۇل رەھمەت ئېيتىپ، ئىشتىھا بىلەن نان - چايغا تۇتۇش قىپتۇ، يېگەن نان، ئىچكەن چېيى ھايالسىزلا چىرايى-غا چىقىپتۇ، خوجايىنىنىڭ مەستلىكى كېلىپ، بالا قىلىۋې-لىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇنى تۇرۇپ قېلىشقا ئۈندەپتۇ، ئاب-دۇل ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. خوجايىن ئۇنى دەسلەپ تونۇرغا ئوت قالىغىلى ساپتۇ. ئابدۇل قولىنى كۆسەي قىلىپ، ئىسقا تويۇپ، كۆلگە مىلىنىپ ئالتە ئاي تونۇر قىزىتىپتۇ، قىزىت-قاندىمۇ كۈنگە ئون تونۇرنىڭ ھۆددىسىدىن بىر يالغۇز ئۆزى چىقىپتۇ. خوجايىن ئۇنى تۇنجى سىناقتىن ئۆتتى، دەپ قاراپ، ناۋايلارغا بىر يىل شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. ئابدۇل تاغار - تاغار ئۇننى خېمىر قىلىشتىن تارتىپ تونۇرغا نان چاپلاشقا قەدەر ھەممىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ بوپتۇ.

خوجايىننىڭ ئون بەش تاش تۈگمىنى، يىگىرمە تۈگمەندىچىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى تۈگمەنچىدىن بىرى دۈكان ئايرىپ چىقىپ كەتكەچكە، ئابدۇل ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇلۇپتۇ. ئابدۇل بۇ ئىشنىمۇ باشتا خۇشال - خۇرام قوبۇل قىپتۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى جاپالىق، زېرىكىشلىك هېس قىلىپ، خوجايىندىن ئاغرىنىپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ خوجايىن ئېشەك هەيدىگىلى بەرگەن تاياقنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

— هەي چاكار يىگىت، مېنىڭ تايىقىمنى نېمە قىلدىڭ؟! — دەپ سوراپتۇ خوجايىن كايىپ.

ئابدۇل رەنجىپ، قاپاقلىرىنى تۈرۈپتۇ ۋە:

— خوجا ئاكا، تاياقلىرى تۈگمەننىڭ كويلىسىغا چۈشۈپ كەتتى. بىر تال تاياق دېگەن نېمىتى؟! ئۇنداق پىت كۆزلۈك قىلمىسىلا، — دەپتىكەن، خوجايىن چىچاڭشىپ:

— مېنى خوجايىن قىلغان ئاشۇ بىر تال تاياق، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام قالىمەن ياياق. شۇ تاياقنى هازىر كۆزۈمگە كۆرسەتمىسەڭ، ئۆلگۈچە يەيسەن شاپىلاق، ماڭ، چىق! — دەپتۇ.

ئابدۇل كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، كېچىلەپ تۈگمەنگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ، يول بويى، بۇ دۇنياغا تۆرەلمىسەم بوپتىكەن، ئون يەتتىگە كىرمەي تۈرۈپ ئۆلۈمۈمنى كۆردۈم، ئەمدى بۇ بېخىل باينىڭ دەردى، ئاھ، قانداق قىلاي بۇ جاننى، دەپ زار قاقشاپتۇ، قاقشا - قاقشا ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، تۈگمەنگە يېتىپ كەپتۇ، تۈگمەننىڭ كويلىسىغا چۈشۈپ تاياقنى ئىزدەپتۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈغ سۈدا تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن پوستەكچى سوراپتۇ:

— هەي تۈگمەنچى يىگىت، بېلىق تۇتۇۋاتامسەن؟

— ياق، تاغا، خوجايىننىڭ تايىقىنى ئىزدەۋاتىمەن، ئۇنى تاپمىسام خوجايىن بەرگەن نېمىنى بۇرنۇمدىن تامغۇزۇۋالىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئابدۇل ۋە بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى تاياقنىڭ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ تۈگمەننىڭ كويلىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى، خوجايىننىڭ تاياق توغرى-سىدا ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ كۆز يېشى قىپتۇ. پوستەكچى كۇلۇپ كېتىپ:

— ھەي جاپاكەش ئىنىم، تاياقتىن غەم يېمە، ئاغزىڭغا كەلگەننى دېمە، باش ئۇرۇپ خوجايىنغا، گۇناھىڭنى تىلە، — دەپتۇ - دە، تۈگمەندىن قىتماللىشىپ سىلغىيىپ كەتكەن بىر دانە ئەگرى تاياقنى ئاچىقىپ تەڭلەپتۇ، — مانا بۇ يوقى-تىپ قويغان تايىقىڭ، بۇنى چىڭ تۇتساڭ، چىقىدۇ خوجايىن-دەك ئاتىقىڭ.

ئابدۇل خۇشلۇقتا پوستەكچىگە توققۇز تەزىم قىپتۇ ۋە تاياقنى يۈزىگە سۈرتۈپ:

— تاغا، كىچىككىنە بۇ تاياقنىڭ نېمە قىممىتى بار؟ — دەپ سوراپتۇ. پوستەكچى:

— ئىنىم، سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، بىر قىسمىنى مەندىن، بىر قىسمىنى خوجايىندىن ئاڭلىساڭ بولا، — دەپتۇ - دە، بىلگەنلىرىنى مۇنداق ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ:

«ناۋايلىق خوجايىننىڭ ئاتا كەسپى. ئۇ خۇددى سىنىڭدەك بالا ۋاقتىدا گالۋاڭراق ئىكەن، دۇكاندا ئولتۇرۇپ نان سات دېسە، پەشخۇندىكى ناننىڭ يېرىمىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويى-دىكەن، ئاتىسى كاللا دېسە، ئۇ پاقالچاق دەيدىكەن. ئاتىسى ئۇ-يان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئۇنى رەۋەندىگە ئېشەك ھەيدىگىلى چاكار قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئېشەك ھەيدەپ يۈرۈپ، بىر كۈنى رەۋەندە بەرگەن تاياقنى يىتتۈرۈپ قويغانىكەن، رەۋەندە ئالدىغا

سىلىپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ ۋە:
— تايىقىمنى تېپىپ بەرمىسە، بالاڭنىڭ جېنىنى ئا-
لىمەن! — دەپ ھەيۋە قىپتۇ.
ئۇنىڭ ئاتىسى يالۋۇرۇپ بالىسىنىڭ گۇناھىنى تىلەپتۇ، رەۋەندە كەچۈرمەپتۇ، دۇكاننىڭ يېرىمىنى بېرەي، دەپتۇ، ئۇ-نىماپتۇ، ئاخىر، تاپقان ـ تەرگىنىنى دۇكانغا قوشۇپ ئۆتكۈ-زۈپ بېرەي دېسىمۇ، رەۋەندە، تايىقىمنى تېپىپ بەرسۇن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. خوجايىنىنىڭ ئاتىسى جىلە بولۇپ:
— ھەي جازانىخور، نېمە بەرسەم رازى بولىسەن؟ — دەپ سوراپتىكەن، رەۋەندە:
— ئۆز تايىقىمنى تېپىپ بەرسەڭ رازى بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۇرۇپتۇ، — تەق-سىر، تايىقىمنى ساتسام يېرىم تىيىنغا ئالمايدۇ، ئەمما ئوغۇل-لىرى بۇگۈن تاياقنى يوقاتسا، ئەتە بۇغدايىنى، ئۆگۈنلۈككە ئې-شەكنى يوقىتىدۇ، ئاخىردا سىلىنىمۇ، مېنىمۇ بىر نان، بىر پۇلسىز قىلىپ قويىدۇ، ئۆزىمۇ كوچىدا قالىدۇ. ئۇنى كىچى-كىدىن پىشۇراي، ئەقلىنى ئاشۇراي، دېدىم.
خوجايىنىنىڭ ئاتىسى گەپنىڭ تەمىنى تېتىپ، تەكتىگە يېتىپ، رەۋەندىگە قايىل بوپتۇ، ئوغلىنى رەۋەندىنىڭ تايىقىنى تېپىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. خوجايىن بىرى كەم ئوتتۇز كۈن ماڭغان يولىنى يەنە قايتىدىن مېڭىپ، تاياقنى بىر پادىچىنىڭ قولىدىن تېپىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شەمۇشەلەرگە بېرىپتۇ، كۆرمىگەننى كۆرۈپ، بىلمىگەننى بىلىپتۇ، ئەمما تا-يىقىنى ئىككىنچىلەپ يىتتۇرۇپ قويماپتۇ، رەۋەندە بەرگەن تا-پان ھەققىنى يىغىپ پۇل توپلاپ، ئېشەك، ئاشلىق سېتىۋې-لىپ، چوڭ رەۋەندە بولۇپ يېتىشىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاتى-سى: «ئوغلۇم پىشىپتۇ، يېشىمۇ ئوتتۇزدىن ئېشىپتۇ» دەپ

ئويلاپ، ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ناۋايلىق دۇكىنىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن خوجايىن چاكار چېغىدا تۇتقان مۇشۇ تاياقنى ياتسا بېشىدىن، قوپسا يېنىدىن ئايرىماي كەپتۇ. ئۇ بۇنى ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە بېرىدۇ، ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما، ئىنىم، تاياقنىڭ قىسمىتى مانا شۇ».

ئابدۇل پوستەكچىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ خىجىل بوپ-تۇ، قايتىپ بېرىپ خوجايىندىن ئەپۇ سوراپتۇ. خوجايىن:

— ياخشى قىپسەن، بالام، جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق، يانچۇقۇڭ توم بولمىسا، ئۆتەلمەيسەن توق. ئەمدى سەن رەۋەن-دىچىلىك قىلغىن، دەسمايەڭ مەندىن، — دەپتۇ.

ئابدۇل رازىلىق بىلدۈرۈپ، خوجايىندىن ئەللىك تىللا ئاپتۇ، تايىقىنى بېلىگە ئۆتكۈزۈپ، تۇمىقىنى قىرلاپ شەھەر-مۇشەھەر رەۋەندىچىلىك قىپتۇ، دەسلەپ كۆزى قورقۇپ، قولى تىترەپ، سودا - سېتىقنى يۈرۈشتۈرەلمەي، دەسمايىنىڭ يې-رىمىنى خورتىپ بوپتۇ، كېيىن كۆپنى كۆرۈپ، كۆز - قۇ-



لىقى پىشىپ، باي رەۋەندىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ئۇنىڭ بازىرى تازا يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، خوجايىن چاقىرتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بالام، سىرتتىكى خىزمىتىڭ يەتتى. ئەتە زاھىر شاھ شەھەرنى سەيلە قىلغۇدەك. سەن كېچىچە ساڭدىكى مارجاننىڭ گۆشىنى چەيلەپ، سۆڭىكىنى سەيلەپ، قەنتنى تېتىغۇدەك سېلىپ، سۇنى تاپنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ بىر تونۇر نان پىد-شۇرغىن، ئوتۇننى ئاسماندىن ئېلىپ چۈشىسەن، ناننى غولى تۆمۈر، ياپرىقى كۆمۈش، مېۋىسى ئالتۇن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى سۈرتۈپ قىزارتىسەن، نېنىڭ پادىشاھقا يارىغۇدەك بولسۇن!

ئابدۇل خوجايىنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىرھازا تېڭىرقاپ قاپتۇ، كېيىن ساڭدىن بىر تاغار بۇغداينى ئېلىپ، تۈگمەندە ئۈن قىلىپ كەپتۇ، ئۈننى تاسقاپ، كېپەكنى ئايرىپتۇ، دۇ-كاننىڭ ئارقىسىدىكى قۇدۇقتىن سۇ توشۇپ، تۇزىنى تەڭشەپ خېمىر يۇغۇرۇپتۇ، ئۆگزىدىن ئوتۇن چۈشۈرۈپ، تونۇر قىزد-تىپتۇ، ھويلىدىكى جىگدىنى قېقىپ، جىگدىنىڭ شەربىتىنى چىقىرىپ، كاكچىغا سېپىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاڭ ئېتىشىغا بىر پەشخۇن نان چىقىرىپتۇ. خوجايىن ناننى كۆرۈپ، ئابدۇل-نىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە بىرقۇر كىيىندۇرۇپ، پەش-خۇنغا ئىگە قىپتۇ. ئابدۇل پەشخۇن بېشىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، پەشخۇننى نانغا تولدۇرۇپ، سودىنى ئەمدى باشلاپ تۇرغانىكەن، پادىشاھ زاھىر ۋەزىرلىرىنى ئىككى يېنىغا ئې-لىپ، شاھزادە، مەلىكە، كېنىزەكلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ يولدىن ئۆتۈپتۇ. ناۋايخانا يول ئۈستىدە ئىكەن، ناننىڭ مەززد-لىك ھىدىدىن زوقلانغان پادىشاھ پەشخۇن ئالدىغا كېلىپ، ناننىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈپتۇ، ناننى ماختاپ، خوجايىنغا ھەر كۈنى مۇشۇنداق كاكچىدىن بىر تونۇر يېقىپ، ئوردىغا



ئەۋەتىپ بېرىشنى
تاپىلاپتۇ.
كېنىزەكلەر
ئارىسىدا ئۇڭ قول
ۋەزىرىنىڭ قىزى
نۇرىمانمۇ بار ئىد-
كەن. قىز پەرەن-
جىسىنى قايرىپ،
پەشخۇندىكى
نانلارغا زوقمەنلىك
بىلەن قاراۋاتقاندا،
ئابدۇلنىڭ كۆزى
چۈشۈپ قاپتۇ.
نۇرىمان ئاي دېسە
ئاغزى بار، كۈن
دېسە كۆزى بار،
ھۆر - پەرىلەردەك
كېلىشكەن، بىر يۇتۇم سۇ بىلەن يۇتۇۋەتكۇدەك نازۇك قىز ئى-
كەن. ئابدۇل ئۇنى كۆرۈپلا: «ۋاي يۈرەك !» دېگىنىچە ھوشى-
دىن كېتىپتۇ. شەھەردە زاھىر شاھ بىلەن بىر سورۇندا ئول-
تۇرالايدىغان بىر قازى بولۇپ، ئۇنىڭ تېۋىپلىقتىمۇ داڭقى بار
ئىكەن، ئۇ ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتالايدىكەن. خوجايىن ئاب-
دۇلنى قازىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى ياش يىگىتنىڭ
تومۇرىنى تۇتۇپ، تاماقلىرىغا قاراپ، تىرناقلىرىنى بېسىپ
كۆرۈپ كېسەل تاپالماپتۇ. ئابدۇل بولسا، كۆكسىنى مۇجۇپ:
«ۋاي يۈرەك !...» دەپ تولغىنىپ يىغلاۋېرىپتۇ. قازى ھەيران
بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ قاپتۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى

ئابدۇلنىڭ پەرىشانلىقى ئېشىپ بېرىپتۇ، پات ـ پات ھوشىنى يوقىتىدىغان بولۇپ قاپتۇ، گەپ سورىسا جاۋاب بەرمەيدىكەن. قازى تىت ـ تىت بولۇپ، مۇپتىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغانكەن، مۇپتى:

— يىگىتكە مەي ئىچۈرۈپ، ئاغزىنى ئاچقۇلۇق، — دەپتۇ. قازى خۇش بولۇپ، مۇپتىنى مەي سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مۇپتى سەللىسىنى قويىنىغا تىقىپ، خۇمرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، دۇكانغا بېرىپ مەي ئېلىپ كەپتۇ.

داستىخان تارتىلىپ، بەتتە پولۇ قاتارىدا مەيمۇ كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئابدۇل زوق ـ شوق بىلەن راسا ئىچىپتۇ، ئىچىپ ـ ئىچىپ خۇدىنى بىلمەي بىر سۆزلىگىلى تۇرغانىكەن، قازى ـ مۇپتىلار ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ جامدەك ئېچىلىپتۇ. قازى مۇپتىغا:

— يىگىت شەھىرىمىز پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى قۇردۇشنىڭ قىزى نۇرىمانىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ شاھزادە ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ھالىغا يېتەي، ۋەزىرنىڭ ئەدىپىنىمۇ بېرەي، — دەپتۇ.

قۇردۇش ئوڭ قول ۋەزىر بولغاندىمۇ ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، قازىنىڭ ئەمرى، شەرىئەت يولىغا مۇخالىپ قىلمىشلىرىغا كۆز ـ قۇلاق بولىدىغان ۋەزىرلەردىن ئىكەن. ئۇنى پۈتلىيالماي خەپلەپ يۈرگەن قازى ئابدۇلنىڭ نۇرىمانغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشلۇققا چۆمۈپ، ۋەزىرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە كىرىشىپتۇ.

شۇ ئەتراپتا ئۈچ شەھەر بولۇپ، پادىشاھ ھەزرىتى ئوسمان پادىشاھ شاھىمەردان، پادىشاھ زاھىرلارنىڭ ئۈستىدىكى كاتتا شاھىنشاھ ئىكەن. قازى مۇپتىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ نامىدا تارقىتىلغان يارلىقلارنى تاپتۇرۇپ كەپتۇ ۋە پادىشاھ ھەزرىتى

ئوسماننىڭ يارلىقتىكى تامغىسىغا ئوخشىتىپ تامغا ئويدۇرۇپ-تۇ، ئاندىن مۇنداق بىر يارلىق پۈتۈپتۇ:

«مەنكى شاھىنشاھ ھەزرىتى ئوسماندۇرمەنكى، ئوغلۇم شاھزادە ئابدۇل زاھىر شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى قۇردۇشنىڭ قىزى نۇرىماننى چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. پېقىر دۆلەت ئىشى بىلەن ئالدىراش بولغانلىقىمدىن شاھزادەمنى يولغا سالدىم. شەھەر قازىسى مېنىڭ ئورنۇمدا ئاتا بولسۇن، زاھىر شاھ خەزىنىسىدىن پۇل چىقارسۇن، چوڭ توي ئۆتكۈ-زۈپ، ئىككىسىنىڭ بېشىنى قېتىپ قويۇڭلار. ئەگەر توي كېچىكتۈرۈلىدىكەن، ھەممىڭلارنىڭ كاللاڭلارنى ئېلىپ، مال-مۈلكۈڭلارنى بۇلاڭ- تالاڭغا بۇيرۇيمەن، شەھىرىڭلارنى تۈز-لەپ، قوغۇن، قاپاق تېرىيمەن».

قازى يارلىققا تامغىنى بېسىپ، ئابدۇلغا تۇتقۇزۇپتۇ، ئاب-دۇلنى ھاماماغا ئەۋەتىپ يۇيۇندۇرۇپتۇ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، بۇرۇتلىرىنى ياسىتىپتۇ، ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئوغلىغا مۇنا-سىپ كىيىندۇرۈپتۇ، ئالتۇندىن تاج سوقتۇرۇپ تاقاپ قويۇپ-تۇ، ياقۇت كۆزلۈك كەمىرىگە قوش قىلىچ ئاستۇرۇپتۇ، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئالاھىدە بېقىپ كەلگەن ئېتىغا مىندۇرۇپ، كېچىلەپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تاپىلاپ بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— شاھزادەم، سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆيۈمگە ئۈچ كىشى كېلىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى پادىشاھ زاھىر، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغىنى ئوڭ قول ۋەزىر، سول تەرىپىدە تۇر-غىنى سول قول ۋەزىر بولىدۇ. قولۇڭدىكى يارلىقنى پادىشاھقا تۇتقىن، شۇئان مۇراد - مەقسىتىڭگە يېتىسەن. ئەمما، ئې-سىڭدە بولسۇنكى، ھازىردىن باشلاپ سەن ھەزرىتى ئوسمان شاھنىڭ ئوغلى بولىسەن. بۇ سىرنى ساقلىمىساڭ، ئاشىقىڭ قولۇڭدىن كېتىدۇ، جېنىڭ ئەزرائىلنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.



خەير، يولۇڭ بولسۇن، تېز ماڭ!

ئابدۇل رەھمەت ئېيتىپ، سىر ساقلاشقا ۋەدە بېرىپ، شەھەر سىرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. ئۇ قا-
زىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئارغىماقنى قامچىلاپ، بىر تال تۇ-
كىدىن مىڭ تال تەر ئاققۇزۇپ شەھەرگە دەبدەبە بىلەن كىرىپ كەپتۇ، ئوردا ئالدىدىن ئۆتۈپ، كوچا قويماي ئارىلاپتۇ، ئۇچ-
رىغانلىكى كىشىدىن: «شەھەر قازىسىنىڭ ئۆيى نەدە؟» دەپ سوراپتۇ. بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت ئابدۇلغا قول باغلاپ، يول بېرىپ، قازىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ. ئابدۇل دەرۋازىنى ئۇزەڭگە بىلەن تېپىپ:

— ھەي قازى، ئىشىكىڭنى ئاچ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. قازى دەرۋازىنى ئېچىپ، ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ، ئابدۇل ئى-
لىك ئېلىش ئورنىغا يارلىقنى تەڭلەپتۇ. قازى قەغەزگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، يالغاندىن:

— ھەزرىتى شاھزادە ئالىيلىرى، كەمىنىنى ياد ئېتىپ

كەلگەنلىرىگە رەھمەت، — دەپتۇ ـ دە، پايپاسلاپ بىرىپ ئۇ ـ زەڭگىگە سۆيۇپتۇ، بىر قولىدا ئاتنىڭ باشۋىغىنى تۇتۇپ ئې ـ ڭىشىپتۇ. ئابدۇل قازىنىڭ دۇمبىسىگە دەسسەپ ئاتتىن چۈ ـ شۇپتۇ. جامائەت: «يا ھەزرەت! پادىشاھتىن ئۇلۇغ زاتكەن بۇ!» دېيىشىپ، ئابدۇلغا يېڭىۋاشتىن باش ئۇرۇپتۇ.

قازى زاھىر شاھقا ئەلچى ئەۋەتكەنىكەن، ئۇلارمۇ دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەپتۇ. ئابدۇل قازى ياساپ چىققان يارلىقنى پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ ئىككى قوللاپ ئېلىپ، پېشانىسى ـ گە سۇرتۇپتۇ ۋە قازىدىن ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قازى قەستەنگە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، تەلەپپۇزىنى بۇزماي ئوقۇپ بې ـ رىپتۇ. پادىشاھ توققۇز تەزىم قىلىپ:

— شەھىرىمىزنىڭ بىر قىزىغا شاھىنشاھنىڭ نەزەرى چۈشكەن بولسا، بېشىمىزغا ئامەت قۇشى قونۇپتۇ. قىز ئايلانسۇن! — دەپتۇ.

— قىزىم شاھزادىگە ئەرزىسە، خىزمىتىدە بولسۇن، — دەپتۇ ۋەزىر قۇردۇشمۇ.

شاھزادە ئابدۇل رەھمەت ئېيتىپ، ئىككى قولىنى كۆك ـ سىگە ئاپتۇ، بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىپتۇ.

زاھىر شاھ خەزىنىدىن يۈز مىڭ تىللا چىقىرىپ توي تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. ۋەزىر پۈتۈن شەھەرنى تويغا چىللاپ باغاق تارقىتىپتۇ. قازى شاھزادىگە ئاتا بوپتۇ. ناۋايخانا خوجا ـ يىنى ئابدۇلنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ھەم پەخىرلىنىپتۇ، ھەم خىجىل بوپتۇ، تويغا كېتەرلىكناننى يەتكۈزۈپ بېرىشنى زىممىسىگە ئاپتۇ. توي قىرىق كېچە ـ كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ.

نۇرمان شاھزادە ئابدۇلدەك كېلىشكەن، چىرايلىقلىقتا ئاي بىلەن بەسلەشكەن، نام ـ ئاتىقى چىققان پادىشاھ ئوغلى ـ

نى كۆتۈپ، ياتلىق بولماي كەلگەنىكەن، ئابدۇلنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپلا ئەپلىشىپ قاپتۇ. ۋەزىر قۇدىسىدىن ماختىنىپ، كۆي-ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ ئالەمنى بىر ئاپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قازى شاھزادە ئابدۇلنى خۇپىيانە چاقىرتىپتۇ، ئالدىغا ئاشقۇچە شاراب، نازۇنېمەت كەلتۈرۈپ، راسا مېھمان قىلىپ قوندۇرۇپ قاپتۇ. سەھەرلىكى: «ئالدىڭدىكى قۇسۇقلارنى تازى-لىۋەتكىن» دەپ ھامامغا ئەۋەتىپتۇ. قازى ئابدۇلنىڭ سەپەر ئۈستىدە كىيگەن، قانغا مىلەنگەن كىيىملىرىنى ناۋايخانا خو-جايىنىنىڭكىدىن ئەكەلدۇرۇپ ساقلاپ يۈرگەنىكەن. ئابدۇل شاھانە كىيىملىرىنى دالانغا سېلىپ قويۇپ، ھامامغا كىرىپ كەتكەن ھامان، قازى كېلىپ كىيىمنى يەڭگۈشلەپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئابدۇل ھامامدىن چىقىپ قارىسا، شاھانە كىيىم-لىرى يوق. ئۇ نائىلاج يىغلاپ ـ قاقشاپ، كونا كىيىملىرى بىلەن كوچىغا چىقىپتۇ، ناماز بامداتتىن يانغانلارغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ تەمتىرەپ، خالتا كوچا بىلەن مېڭىپتۇ، شۇنداق كېتىۋاتسا، ئارقىسىدىن بىرى: «ۋاي ئوغرى ! ئوغرىنى تۇتۇڭلار !» دەپ توۋلىغانىكەن، ئابدۇل خۇددى شامالدەك يۈگۈرۈپ قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە بې-رىپتۇ، دەرۋازىۋەن: «ۋەزىرنىڭ سېنىڭدەك كۈيئوغلى يوق» دەپ ئۇرۇپ ـ تىللاپ قوغلىۋېتىپتۇ. ئابدۇل داد ـ پەرياد ئەيلەپ شەھەردىن ئايرىلىپتۇ.

قازى شاھزادە ئابدۇلنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى بىر-نى ئون، ئوننى يۈز قىلىپ، خېمىرتۇرۇچ سېلىپ ئېچىتىپ پۈتۈن شەھەرگە يېيىۋېتىپتۇ. بۇ خەۋەر ئوردىغا يېتىپتۇ. پا-دىشاھ خاپا بولۇپ، ھامامچى بىلەن دەرۋازىۋەننى زىندانغا تاشلاپتۇ، ۋەزىر قۇردۇش نومۇس تۈپەيلىدىن ئۆيدىن چىقالماي-تۇ، دەرد ـ ئەلەمدىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. قازى،

ھېلىھەم جايىدىن چىقتى، ۋەزىردىن ئۈچۈم چىقتى، دەپ پەخىرلىنىپ، ھالىغا باقماي، يولىغا پاتماي يۈرگەن كۈنلەردە، نۇرىمان ئىشىنىڭ تەكتىگە يېتىپ، قازىنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ، يەنى ئۇ قازىنىڭ جۈمە نامىزىدىن يانغان پەيتىنى پايلاپ تۇرۇپ، چىرايلىق ئايغىنىنى كىيىپ، پەرەڭ ياغلىقىنى بېشىغا تېڭىپ يولغا چۈشۈپتۇ - دە، كېيىكتەك ئويناقلاپ، چېكىپ دەسسەپ قازىنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ. قازى ئۇنىڭ ئەگرى تېقىمىدا بوستاندەك تەۋرىنىپ تۇرغان قۇندۇزدەك تال - تال چېچى، ئەۋرىشىم بېلى، كېلىشكەن بوي - تۇرقى، يارىشىملىق كىيىمىگە زوقلىنىپ، نەپسى تاقىلداپ قەدىمىنى تېز يۆتكەپتۇ. قازى يېتىشىۋالاي دېگەندە، نۇرىمان يول بوشاتقان بولۇپ شاققىدە يانغا ئۆتۈپتۇ - دە، پەرەنجىسىنى قايرىپ لاپپىدە كۆز تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئايدەك جامالىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالغان قازى:

— ئاھ خېنىم، ئۆزلىرى كىم بولىلا، جېنىم؟ — دەپ سوراپتۇ. نۇرىمان مىيىقىدا كۈلۈپ:

— جانابلىرىنىڭكىگە ياغ توشۇيدىغان جۇۋازچىنىڭ قىزىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قازى ھەيران بولۇپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ:

— جۇۋازچى، قىزىمنىڭ بويى پاكار، تۆت ئەزايى ناكار، ئەرزىمەيدۇ كىشىگە، خەجلىگەن پۇلى بىكار، دەۋاتامتى؟

— يوقسۇ، قازى ئاخۇنۇم، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، مېنىڭ ئالدى - ئارقامدا يا ئوغۇل، يا قىزدىن يەنە بىرى يوق. دادام مېنى كېچە - كۈندۈز جۇۋازخانىدىن چىقارماي جۇۋاز ھەيدىگىلى سالىدۇ. ئۇنىڭ مېنى «ناكار» دەپ يامان ئاتلىق قىلىشى ئۆزىنىڭ يالغۇز قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى، ئەمدى بىلدىلىمۇ؟ — دەپتۇ نۇرىمان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

قازى ئەلچى ئەۋەتمىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قاپتۇ. قازى شۇ ماڭغانچە ئۇدۇل ئۆيىگە كەپتۇ، مۇپتىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرتىپ، كۆرگەنلىرىنى دەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يۈز تىللا تاپان ھەققى بېرىپ، ئەلچىلىككە بېرىشقا كۆندۈرۈپتۇ. ئايال قازىنىڭ ھاۋالىسىنى ئېلىپ، بوغچىسىنى تېڭىپ، يولغا چىقاي دەۋاتقاندا، جۇۋازچى ئىككى چاۋا ياغنى يۈدۈپ ھويلىدا پەيدا بوپتۇ. جۇۋازچى قازىنىڭ چۆپقىتى بولۇپ، بۇرۇن ھەر كەلگىنىدە ھويلىدىنلا يانىدىكەن. بۇ قېتىم ئۇنداق بولماپتۇ. قازى ئۇنى كۆرۈپ قول باغلاپ سالام بېرىپتۇ ۋە پادىشاھ ئۈچۈن تەييارلانغان مېھمانخانىغا باشلاپتۇ، تېگىگە تۆت قات ماموق كۆرپە راسلاپتۇ. جۇۋازچى ھەيران قېلىپ، كۆرپىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تارتىنىپ ئولتۇرغانىكەن، قازى گەپ ئېچىپ، قىزىنى نىكاھىغا بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— خۇش بولاي، قازى ئاخۇنۇم، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ جۇۋازچى كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزۇپ، — خۇدا ھەققى، راستقا ئىشەنسىلە، بار - يوقى بىرلا قىزىم بار. ئۇنىڭ بېشى كەيمە تاز، ئوڭ قولى يوق، سول پۇتى كەلمەيدۇ، كېرەككە قىشۇ ياز. بىر كۆزى كور، ئۇلۇغلارغا بولالمايدۇ جور.

قازى، جۇۋازچى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆز تەلىپىدە مىختەك تۇرۇۋاپتۇ، توي جابدۇقى ئۈچۈن جۇۋازچىنىڭ ئالدىغا بىر لېگەن تىللا قويۇپتۇ. جۇۋازچى گويا بىر چۈش كۆرگەندەك، خاراموش ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ. جۇۋازچىنىڭ خوتۇنى ئەھۋالنى ئۇقۇپ، يۈزىنى كاچاتلاپ: «ۋاي خۇدايىم، ئەمدى مەن قانداق قىلاي، قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈم بىلەن چىقاي؟!» دەپ يىغلاپتۇ. ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدىكەن، شۇڭا جۇۋازچى خوتۇنىنى ئالدىرىتىپتۇ:

— ھوي جالداق، تېز بولمىساڭ ئىشىڭ چاتاق، ماڭ، ئا-

ۋۇ بىرنېمەڭنى ئەيۋەشكە كەلتۈر !

قىزنىڭ ئانىسى تامىنىڭ تۆشۈكلىرىگە تىقىپ قويغان چاچلارنى يىغىپ چاچ ئېشىپ، قىزنىڭ دوپپىسىغا تىكىپتۇ، ئۆزىنىڭ ياشلىقىدا كىيگەن كىيىملىرىنى قىزىغا كىيگۈزۈپ، ياساپ ـ جابدۇپتۇ، ئوسما قويۇپ قاشلىق ئېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا قازىنىڭ مۇپتى ـ رەئىسلىرى تويلۇق ئاشسۇيىنى ھارۋا ـ مەپىلەرگە بېسىپ، ئالەمنى مالەم قىلىپ يېتىپ كەپتۇ. توي ئىشلىرى باشلىنىپ، نەغمە ـ ناۋا قىزىپتۇ. توي ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ. نىكاھ قۇتىبىسى ئوقۇلۇپ، قىز يۆتكەپ كېلىنىپتۇ.

كەچ كىرىپ، ياتار ۋاقتى بوپتۇ. قازى سەللىسىنى قوزۇققا ئېلىپ، تەييارلىنىپتۇ، ئەمما ئورۇن سېلىنماپتۇ. قازى يۈگلۈق مەيدىسىنى ئېچىپ زارلاپتۇ:

— ئاھ، خېنىم، ئاپئاق خېنىم، شېرىن سۆزلۈك، شەھلا كۆزلۈك خېنىم، ئورۇن راسلىماملا، كۆيگەن كۆڭلۈمنى ئالماملا؟ !

— نېمە دەيدۇ، ماۋۇ ئادەم. ئۇيقۇسى كەلگەن بولسا، يېتىۋەرسۇن خەق، ئورۇن ـ تۆشەك تۇرۇپتۇ ئەنە تەخ، — دەپتۇ قىز چالۋاقاپ ۋە ئوچاقنىڭ تاقىسىغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرىۋېرىپتۇ.

قازى قىزنىڭ گېپىنى ئېغىر ئالماپتۇ، مىڭ قىلمىسا قىز بالا ئەمەسمۇ، ئۇياتقان چېغى، دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئورۇننى ئۆزى سېپتۇ ـ دە، قىزنى ئورۇنغا تارتىپتۇ. قىز: «ۋايجان !» دەپ تولغىنىپتىكەن، دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ دومىلاپ كېتىۋاتقۇدەك؛ دوپپىغا تىكىلگەن چاچلار يىلاندەك يۆگىشىپ، مۈشۈك قۇيرۇقىدەك يەر سۈپۈرۈپ يۇرگۇدەك؛ قىزنىڭ بېشى تۇزلۇق قاپاقتەك ئاپئاق يالتىراپ تۇرغۇدەك؛

چاپىنىنىڭ ئۇلۇڭ يېڭى پۇلاڭلاپ، تامبىلىنىڭ سول پۇچقىقى لەپەڭشىپ، كۇلۇڭدىكى كۆلنى چېچىۋاتقۇدەك؛ يۈزى قورۇق، بىر كۆزى كور، بىر كۆزى يورۇق بىلىنگۇدەك. قازى ئاللا ـ كاللا سېلىپ ۋارقىراپتۇ:

ـــ هوي، جىنمۇسەن ياكى ئالۋاستى، كۆتۈر كەشىڭنى پاسىق نەس باستى!

قىزمۇ ئاللا ـ توۋا سېلىپ يىغلاپتۇ. جەڭگى ـ جېدەلنى ئاڭلىغان قازىنىڭ چوڭ خوتۇنى، مۇپتى ـ رەئىسلەر ئولاش ـ چولاش كىرىپ ئاجرىتىپتۇ.

ـــ ئوبدان بولدى! تۆپەمگە قىز ئالغانغا تويدۇڭمۇ نائەھ-لى؟! ـــ دەپتۇ قازىنىڭ قەدىناس خوتۇنى زەردە قىلىپ، ـــ هەر ئىككىڭ چىقىش ئۆيدىن، بېرىپ ئۆي تۇت دەڭدىن!

مۇپتى، قولۇم ـ قوشنىلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىپتۇ. قازى چوڭ خوتۇنىنىڭ پېشىگە يۈزىنى سۈرتۈپ يالۋۇ-رۇپتۇ، جۇۋازچىنىڭ قىزىغا مېھىر ھەققى ئۈچۈن يۈز يامبۇ بېرىپ، ئاجرىشىش خېتىنى بوينىغا ئېسىپ، ئۇنى ئاتا ـ ئا-نىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ. بۇ ئىش سۈبھى يورۇماستىن پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپ كېتىپتۇ. قازى نومۇستىن ئۆلگۈ-دەك بولۇپ، ئۆيدىن چىقالماپتۇ، دەرد ـ ئەلەمدىن سىل كې-سىلى بولۇپ يېتىپ قاپتۇ.

ئەمدى ھېكايىنىڭ داۋامىنى شاھزادە ئابدۇلدىن ئاڭلايمىز:

ئابدۇل شەھەردىن ئايرىلىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ، ئەمما دەشت ـ باياۋاندىن چىقالماپتۇ. مەنزىل بولسا يىراق ئىكەن. ئۇ بېشىدا ئەجەل قۇشى چۆرگىلەپ، ئۆرە تۇرالمىسا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاندا، ئالدىدىن قويۇق تۇمان كۆ-تۈرۈلۈپتۇ. ئابدۇل سىنچىلاپ قارىسا، تۇمان ئىچىدىن بىر توپ ئاتلىق ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتماي، يولغا ھەم پاتماي چىقىپ

كېلىۋاتقۇدەك. ئابدۇل قورقىنىدىن: «قاراقچى !» دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ ۋە ئۆزىنى ياقىغا ئالماقچى بوپتۇ. شۇ ئا- رىدا ئاتلىقلار كېلىپ قاپتۇ. ئابدۇل بېشىنى ئېگىپ سالام بېرىپتۇ. ئاتلىقلارنىڭ سەركەردىسى ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن كىيىملىرىدىن گۇمانلىنىپ:

— ھەي يىگىت، تۇرقۇڭدىن بۇلاڭچىدەك قىلىسەن، ئېيتقىن ماڭا، قاياقتىن كەلدىڭ؟ قاياققا بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئابدۇل تىزلىنىپ، كۆز يېشىنى تۆكۈپتۇ، كۆرگەن كۈنلىرىنى بىرمۇبىر بايان قىپتۇ. سەركەردە ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— شاھزادەم، كۆڭلۈڭنى بۇزما. مەن شاھىنشاھ ھەزرىتى ئوسمان بولىمەن. ئاتاڭ شاھىمەردان مېنىڭ دوستۇم، پادىشاھ زاھىرمۇ قول ئاستىمدىكى ئادەم. قازى نامىنى ساتقان بول- سا، مەنمۇ ئۇنىڭ جېنىنى ئەزرائىلغا گۆرۈگە قويىمەن. سېنى ئىككى پۇلغا ئەرزان، تۆت پۇلغا قىممەت قىلغان بولسا، مەن- مۇ ئۇنى بىر پۇلغا ئەرزان، ئىككى پۇلغا قىممەت قىلىمەن.

شاھزادە ئابدۇل يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. ۋەزىرلەر ئابدۇلنى شاھزادىگە خاس كىيىندۈرۈپ، ئېسىل ئارغىماققا مىندۈرۈپ، بىللە ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار يەتتە كېچە - كۈن- دۈزلۈك مۇساپىنى ئۈچ كۈندە بېسىپ، شەھەرگە يېتىپ كەپ- تۇ. زاھىر شاھ ئۇلارنى ئۆز قەسرىگە جايلاشتۇرۇپتۇ، ئەھۋال- دىن خەۋەر تېپىپ قازىغا نەپرەت بىلدۈرۈپتۇ، ھامماچى بىل- لەن دەرۋازىۋەننى زىنداندىن بوشىتىپتۇ. ۋەزىر قۇردۇش خۇشلۇقتا كېسىلىدىن ساقىيىپ سەللىمازا بوپتۇ. نۇرىمان قازىنى يولدا ئېزىقتۇرغاندىن كېيىن، ئابدۇلنىڭ ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ، ئاتىسىنىڭ غېمىدە يۈرۈپ، سەۋدايى بولۇپ قالغىلى تاس قالغانىكەن. ئۇ مەشۇقىنى كۆرۈپ:

— ئاھ جېنىم ! كېتىپ ئۆزلىرى ئاشقانتى مەنده دەردۇ غەم، خۇدا يەتكۈزدىمۇ سىلىنى، ئوتلىرىدا ئۆلمىسۇن، دەپ مېنى ! — دەپتۇ - دە، ئۆزىنى ئېتىپتۇ، قازىدىن ئۆچ ئال-غانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئابدۇل سۆيۈنۈپ، مەشۇقىنى باغرىغا بېسىپتۇ.

پادىشاھلار تاق كۈننى ئەزىز كۆرىدىكەن. بىر جۈمە كۈنى شاھىنشاھ ھەزرىتى ئوسمان يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان بارچە پۇقراغا دار ئالدىغا يىغىلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. پۇقرالار يىغىلىپتۇ. قازىمۇ ھاسىسىنى تايىنىپ كەپتۇ ۋە سەللىسىنى يوغان ئوراپ، زاھىر شاھنى دوراپ، ھەزرىتى ئوسماننىڭ بىقىنىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ھەزرىتى ئوس-مان قازىدىن سوراپتۇ:

— قازى ئاخۇنۇم، مۇبادا، بىراۋ مېنىڭ نامىمدا يارلىق ياساپ چىقىپ، تامغا ئويدۇرۇپ، قول ئاستىمدىكى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنى ئەخمەق ئەتسە، خەلقئالەم ئارا شۆھرد-تىنى تۆكسە، پادىشاھنىڭ ئوغلىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈپ، مۇ-ساپىر كوچىسىغا تاشلىسا، بۇنى ئاز دەپ، بىر كەمبەغەلنىڭ ناكار قىزىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىپ، بىر كېچە بولسىمۇ پەرھىزنى ئادا قىلماي، ئۇنى خورلىسا، قانداق قىلغۇلۇق؟

— خوش، تەقسىر، بۇنداق ئىشنى خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ، ئۇنداق باغرى پۈتۈننى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگۈلۈك ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قازى. پۇقرالار «ھەق !» دېيىشىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھەزرىتى ئوسمان جاللاتلار-غا، — قازىنى پۈتىنى ئاسمانغا، بېشىنى يەرگە قىلىپ دارغا ئېسىڭلار، ئۆلۈكى داردا ئۈچ كۈن تۇرسۇن !

— خوپ ! — دەپ ئىككى جاللات تىك تۇرۇپتۇ ۋە قازى-نى دارقىرىتىپ سۆرەپ دار ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى داد -

پەرياد ئەيلەپ، تىپىچەكلەپتۇ. شۇ ئەسنادا شاھزادە ئابدۇل ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سالام قىپتۇ ۋە:

— ئى، ئۇلۇغ شاھىنشاھ ھەزرىتى ئوسمان پىرىم، — دەپتۇ ئۇ قول باغلاپ، — قازى جۇۋازچىنىڭ قىزىنى يېڭىۋاشتىن ئەمرىگە ئېلىپ ئۆيىنى تۇتسا، ئۇنىڭ بارلىق گۇناھىنى گەدىنىدىن ساقىت قىلساق بوپتىكەن.

ھەزرىتى ئوسمان ئابدۇلنىڭ ھۆرمىتىگە قازىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ. قازى باشقىدىن توي قىلىپ، جۇۋازچىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئاپتۇ.

ھەزرىتى ئوسمان قازىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆز قولى، ئۆز پۇلى بىلەن قىرىق كۈنگىچە كۈندۈزى ئوغلاق سېلىپ، كېچىسى مەشرەپ قىلىپ، شاھزادە ئابدۇل بىلەن نۇرىماننىڭ تويىنى مۇبارەكلەپتۇ. شاھزادە ئابدۇلنى ئاتىسى شاھىمەردانىنىڭ ھامىيلىقىدىكى شەھەرگە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەپ يولغا ساپتۇ. شاھىمەردان ئوغلىنىڭ قولىدىكى يارلىقنى، قېشىدىكى مەلىكە نۇرىماننى كۆرۈپ تەبرىكلەپتۇ، ناۋايخانا خوجايىنى بىلەن ھەزرىتى ئوسمانغا رەھمەت ئېيتىپ خەت يېزىپتۇ، دېھقان راخماننى ئوردىدا مەسلىھەتچىلىككە ئېلىپ قاپتۇ.

# نەيرەڭۋاز

بۇنىڭدىن بىرقانچە مىڭ يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان چۆللۈكى باغۇ بوستانلىق بىر گۈزەل ۋادا ئىكەن. ئۇنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە، تارىم دەرياسىنىڭ ياقىلىرىدا بىر - بىرىگە قوشنا كىتىك ۋە زوركىت دېگەن شەھەرلەر بولغانىكەن. بۇ شەھەرلەر ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە باياشاتلىقى بىلەن مەشھۇر ئىكەن. شەھىرى كىتىككە تاھىر خىزىم دېگەن ياش بىر كىشى، شەھىرى زوركىتكە خوجا ئەكبەر دېگەن بىر مويسىپىت كىشى پادىشاھكەن. خوجا ئەكبەرنىڭ قامىتى سەرۋىدەك، چىرايى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، ئاغزى ئويماقتەك، مەڭزلىرى ئاناردەك، قىلىقلىرى ئىللىق باھاردەك بىر چىرايلىق قىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى گۈلنىسا بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەلىكە گۈلنىسا دەپ ئاتايدىكەن. مەلىكىنىڭ داڭقى تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ بۇ مەلىكىگە غايىبانە ئاشىقى بىقارار بولۇپ، ئىشقى پىراقىدا گۈلخان بولۇپ يېنىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى، ئاقىلۇ دانىشمەنلىرىنى، يۇرت كاتتىلىرىنى مەجلىسكە چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ۋەزىرلىرىم، دانىشمەنلىرىم، ئەھلى جامائەتلىرىم، مەن خوجا ئەكبەر پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولماقچىمەن، بۇ توغ-



رىدا ھەرقايسىلىرىدىن مەسلىھەت ئالماقچىمەن ھەم ياردەم تەلەپ قىلماقچىمەن.

مەجلىس ئەھلى ئىچىدىن خوجا دىلگىر دېگەن باش ۋەزىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، تەزىم قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، سىزگە قۇتلۇق بولسۇن، نىيىتىڭىزگە يېتىشكە ئاللا ئىگەم يار - يۆلەك بولسۇن. ھېلىغۇ خوجا ئەكبەر پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولماقچى ئىكەنسىز، مۇبادا كۇھىقاپ پادىشاھىغا كۈيئوغۇل بولماقچى بولسىڭىزمۇ بىز سىزنى مۇرادىڭىزغا چوقۇم يەتكۈزىمىز.

باشقا مەجلىس ئەھلىلىرىمۇ بىردەكلا: «كۆڭۈلدىكى گەپ بولدى» دېيىشىپتۇ.

تاھىر خىزىم پادىشاھ مەجلىس ئەھلىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈپتۇ. مۇزاكىرە ئارقىلىق خوجا دىلگىر باش ۋەزىرنىڭ ئەلچى بولۇپ خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىشى تايىن تېپىلىپتۇ. بۇنى تاھىر خىزىم پادىشاھمۇ خوپ كۆرۈپتۇ. خوجا دىلگىر يۈز تۆگىگە سوۋغا - سالام ئارتىپ، خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە زوركىت شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئاخىر زوركىت شەھىرىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ ۋە خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىشىپتۇ. خوجا دىلگىر ئۆزى ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ

ئالدىغا قويۇپتۇ ۋە تىزلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي شاھلارنىڭ شاھى، خۇداۋەندە كېرىمنىڭ ئەڭ ئەزىز بەندىسى، پۈتۈن ئالەمنىڭ قۇياش ئاپتىپى، جىمى ھاياتلىقنىڭ غەمگۇزارى، باشپاناھى بولغان پادىشاھ ئالىيلىرىغا خىزمەتكار قۇللىرى بولمىش پادىشاھىمىز تاھىر خىزىم ئۆزلىرىگە كۆيئوغۇل بولۇش تەلىپىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىزنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندى. پادىشاھىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يەردە قويماي، تەلىپىنى ئاتلارچە مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئىلىك ئېلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

خوجا دىلگىر سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن خۇشاللىققا چۆمۈپ، پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىشىپ، تەزىم قىلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئەلچىلەر شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتە ھەممە كىشى شاراب ئىچىپ، رەققاسلارنىڭ نەپىس ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ، نەغمىكەشلەرنىڭ يېقىملىق - شوخ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ھوزۇر قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپتۇ. پادىشاھ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەلىكە گۈلنىسانى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يولغا سېلىپتۇ. ئۇلار يەنە ئۇزاق يوللارنى بېسىپ شەھىرى كىتىك دائىرىسىگە يېتىپ كەپتۇ. ۋەزىر خوجا دىلگىر ئۆزلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەن خۇش خەۋىرىنى تاھىر خىزىم پادىشاھقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. مەلىكە گۈلنىسانىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان تاھىر خىزىم پادىشاھ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى باشلاپ يول ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەر سىرتىدا بەختلىك ئۇچرى-

شىپتۇ. شەھەر خەلقى ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىشىپ، ناخشا
ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بۇ خۇشاللىق ئۇچرىشىشقا قىزغىن
تەنتەنە قىلىشىپتۇ ھەم پادىشاھ بىلەن مەلىكىنى گىلەم ئۈس-
تىگە ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئەكىرىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ
قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي بوپتۇ. توي مەرىكىسى تۈگىگەند-
دىن كېيىن، پادىشاھ بىلەن گۈلنىسا بەختلىك كۈنلەرنى
ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ بەختلىك كۈنلىرى
ئۇزاققا بارماپتۇ. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى گۈلنىسا ئاتا ـ ئانىسى-
نى، سۆيۈملۈك دىيارىنى سېغىنىشقا باشلاپتۇ، ئىشتىھاسى
تۇتۇلۇپ، چىرايى سارغىيىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن
ئەجەبلىنىپ، بىر كۈنى:

— ئەزىزىم، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.
گۈلنىسا پادىشاھقا مالاللىق كەلتۈرۈپ قويماسلىق نىيىتىدە:

— ھېچنېمە بولمىدىم، — دەپ راست گېپىنى ئېيتماپ-
تۇ. گۈلنىسا بىر كۈنى خىزمەتچىلىرىنى چاقىرىپ:

— ئۇستا بىر رەمچى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپ-
تۇ. خىزمەتچىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ رەمچى
ئىزدەپتۇ. مۇشۇ كۈنلەردە شەھەرى كىتىككە باشقا بىر يۇرت-
تىن رائىلە ئىسىملىك بىر دەججال كېلىپ قالغانىكەن. ئۇ
ھەربىر گېپىدە بىسمىللانى، خۇدانى، پەيغەمبەرنى ئاغزىدىن
چۈشۈرمەي، ئۆزىنى ناھايىتى تەقۋادار قىلىپ كۆرسىتىدىكەن.
ئۇ قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزىدا بىرمۇ چىشى
يوق ئىكەن ۋە كۆزىدىن توختىماي ياش ئېقىپ تۇرىدىكەن.
شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ بىر قاراپلا كىشىنىڭ ئىچ
سىرىنى بىلىۋالالايدىكەن. رەمچى ئىزدەپ چىققان خىزمەتچى-
لەر كوچا دوقمۇشىدا ئەنە شۇ رائىلەگە يولۇقۇپتۇ. ئۇلار
رائىلەنى پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە رەم سېلىپ بېرىشكە تەك-

لىپ قىپتۇ. رائىلە بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە مەلىكىنىڭ ھەرىمىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ مەلىكى-نى كۆرۈش بىلەنلا:

— ئەسسالام، مەلىكەم، مەن خىزمىتىڭىزگە تەييار بولۇپ كەلدىم، — دەپ تەزىم قىپتۇ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قۇتقا، خوش كەپلا، — دەپ قارشى ئاپتۇ مەلىكە.

خىزمەتچىلەر مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە داستىخان يېيىپ، رائىلەنى مېھمان قىپتۇ. ئۇ قورسىقى تويغاندىن كې-يىن، مەلىكىنىڭ بەختىنى تىلەپ ئۇزۇن دۇئا قىپتۇ. دۇئادىن كېيىن:

— ئى قۇتقا، مەن سىلىنى رەم سالدۇرغىلى چاقىرغانى-دىم، — دەپتۇ مەلىكە گۈلنىسا.

— مەلىكەم، سىزنىڭ ھاجىتىڭىزنى ئورۇنداشقا مەن تەي-يار، — دەپتۇ رائىلە.

— ئى قۇتقا، — دەپتۇ مەلىكە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، — مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ھۆرمەتلىك ئاتا-ئانامنى، سۆيۈملۈك دىيارىمنى كۆرەلمىدىم، سېغىنىش پىرا-قىدا سارالڭ بولۇپ قالاي دەۋاتىمەن. سىلى رەم سېلىپ، ئاتا-ئا-نامنىڭ، يۇرتۇمنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى ماڭا دەپ بەرسى-لە، خىزمەتلىرى ئۈچۈن خوش بولغۇدەك ھەق بېرەتتىم...

— بولىدۇ، مەلىكەم، سىز ھەق بەرمىسىڭىزمۇ مەن بۇ ئىشلارنى ئەلۋەتتە قىلىمەن...

رائىلە خالتىسىدىن ئالىيېشىل تاشلارنى ئېلىپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ ۋە تاشلارغا ئۈرۈپ، گىلەم ئۈستىگە چېچىپتۇ. ئۇ تاشلارغا تازا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن مۇنداق تەبىر ئېي-تىپتۇ:

— ئى مەلىكەم، ھۆرمەتلىك ئاتا - ئانىڭىز، سۆيۈملۈك دىيارىڭىز ئۆزىڭىز كۆرگەندەكلا خاتىرجەم ئىكەن. ئۇلارمۇ سىزنى كېچە - كۈندۈز سېغىنىدىكەن، كۈندە دېگۈدەك يولىڭىزغا قارايدىكەن. سىز ئۇلاردىن ھەرگىز غەم يېمەڭ، خۇدايىم سىلەرنى پات - يېقىندا كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمما... — رائىلە گەپنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ قويۇپتۇ.

— قۇتقا، نېمە بولدى؟ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدىلىغۇ؟ — مەلىكە گۈلنىسا تەقەززا بولۇپ سوراپتۇ، ئۇنىڭ چىرايىنى غەمكىنلىك قاپلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن رائىلە ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ:

— مەلىكەم، ئاخىرىنى ئېيتماي دېگەنىدىم، سوراپ قالدىڭىز، يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، كۆڭلىڭىزگە ئازار يەتمىسە، رەمگە چۈشكەن بىر ئىشتىن سىزنى خەۋەردار قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

— ئېيتسىلا، قۇتقا، مەن سىلىدىن تىلەي...

— ئى مەلىكەم، ئۆزىڭىز شۇنچىلىك چوڭ بىر پادىشاھنىڭ قىزى ئىكەنسىز، تاھىر خىزىم پادىشاھ سىزنى ئارزۇلاپ نىكاھىغا ئالغانىكەن، ئەمدى كېلىپ سىزدىن ... — رائىلە گەپنى يەنە توختىتىپتۇ.

— ھە، ئەمدى نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە ئالدىراپ.

— مۇشۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ سىزدىن كۆڭلى قالغىلى تۇرۇپتۇ. پات يېقىندا سىزنى تالاق قىلىپ، باشقا بىرىنى نىكاھىغا ئالىدىغاندەك قىلىدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان گۈلنىسانىڭ دېمى سىقىلىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپتۇ، بېشى قېيىپتۇ، ئاچچىقىغا پايلىماي «شور پېشانەم !» دەپ پېشانىسىگە ئۇرۇپ، روجەك تۈۋىگە

كەپتۇ ۋە ئاسمانغا قاراپ مۇنداق بىر نەزم ئوقۇپتۇ:

ئى خۇدايىم، تۆپىمىزدە تۇرىسەن،
ھەربىر ئىشنى ئۆزۈڭ ئېنىق كۆرىسەن.
بىرەر يامان ئىش قىلمىدىم ئالدىڭدا،
نېچۈن مېنى مۇنچە دەردكە قويىسەن؟!

نەزمنى ئوقۇپ بولۇپ كۆزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. رائىلە مەلىكىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدانغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ ۋە ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— ئەي مەلىكەم، غەم - قايغۇ، ئاچچىق، كۇنداشلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى قىينىماڭ! پادىشاھنىڭ يامان غەرىزىنى بىلىشكە قادىر بولغان قۇتقىڭىز بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالالماسمۇ؟! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەلىكە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي قۇتقا، مەن پۈتۈن ئىقلىمغا داڭقى كەتكەن خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ قىزى بولىمەن. ئەمدىلىكتە تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ كۆڭلى مېنىڭدىن سوۋۇپ، باشقا بىرىگە بۇزۇلىدىغان بولسا، ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق يوق. ئەل ئالدىدا تاشلاندۇق خوتۇن بولۇپ يۈرگىنىمدىن ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى. ئەگەر قولىڭىزدىن كەلسە، بار ئامالنى ئىشقا سېلىپ بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالسىلا، مەن سىلىنىڭ بۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت يەتكۈدەك مال - دۇنيا بېرەي...

— بولىدۇ، — دەپتۇ رائىلە، — ئايال كىشى ئاجىز، بىر - بىرىگە قاياش بولمىسا بولامدۇ؟ سىز خاتىرجەم بولۇڭ، گۈل چىرايىڭىزنى سولدۇرماڭ. ماڭا بىرلا نەرسىنى تەييارلاپ بەرسىڭىز بولدى، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

— ئۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— پادىشاھ ئۇخلاپ قالغاندا، تۇيدۇرماستىن ئىتتىك ئۇستىرا بىلەن ساقىلىدىن بىر تال كېسىۋېلىپ ماڭا بەرسى- ڭىز، ئىش پۈتتى دېگەن گەپ. پادىشاھنى ئايىغىڭىز تېگىدە قۇرتتەك ئۆمىلەيدىغان قىلىۋېتىمەن...ھى - ھى - ھى...

— بولىدۇ.

مەلىكە ئۇنىڭغا مىڭ تىللا ئىنئام قىپتۇ. رائىلە تىللالارنى ئېلىپ، مەلىكىنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ خوشلىشىپ قايتىپتۇ. ئۇ مەلىكىنىڭ قېشىدىن چىقىپ دەرۋازا ئالدىدا بىردەم چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ. ئاندىن مەلىكىگە تۇيدۇرماي، دەرۋازىدا تۇرىدىغان خىزمەتچىلەردىن ئۆزىنىڭ پا- دىشاھ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ تەلىپىنى پادىشاھقا يەتكۈزگەندىن كې- يىن، پادىشاھ كىرىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ.

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ رائىلە كىرگەن پېتى پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، — كەمىنە قۇلىڭىز دۆ- لىتىڭىز سايىسىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئاددىي بىر رەمچى بو- لىمەن. سىزنىڭ ئامانلىقىڭىز بىزدەك ئاجىز، مۆمىن بەندى- لەرنىڭ بەختى. مەن كېچە - كۈندۈز خۇدادىن سىزنىڭ ئاما- لىقىڭىزنى تىلەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىمەن. بۈگۈن سىزنىڭ كەلگۈسى ھاياتىڭىزنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بىر رەم سېلىپ بېقىش نىيىتىدە ھۇزۇرىڭىزغا كەلدىم...

— قېنى، كارامىتىڭنى كۆرسىتىپ باققىن ! — دەپتۇ پادىشاھ. رائىلە رەم سېلىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، سىزگە يالغان ئېيتاي دې- سەم دىلىم، راست ئېيتاي دېسەم تىلىم كۆيۈۋاتىدۇ.

— ھە، ئەھۋال قانداق بولسا راست گېپىڭنى ئېيت !
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز...
— كەچتىم، ئېيت !
رائىلە تىترەك ئارىلاش، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:
— مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە مەلىكىڭىز ھاياتىڭىزغا قەست قىلىدىكەن...
بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭۈپتۇ ۋە:
— قانداق قەست قىلىدىكەن؟ تېز ئېيت ! — دەپتۇ.
رائىلە تېخىمۇ ھېلىگەرلىشىپ، قورققان بولۇپ:
— مەلىكىڭىز سىز ئۇخلىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ، — دەپتۇ.
— راست ئېيتىۋاتامسەن؟ !
— رەمگە شۇنداق چۈشتى، پادىشاھئالەم.
— يالغان چىقىپ قالسىچۇ؟ !
— كاللام بىلەن جاۋاب قىلىمەن.
پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ:
— جاللات ! — دەپ توۋلاپتۇ. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ئىككى جاللات تەييار بوپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:
— بۇ قېرىنى دەرھال زىندانغا تاشلاڭلار ! — دەپتۇ.
جاللاتلار ئۇنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئاپىرىپ زىندانغا سولىۋېتىپتۇ.
پادىشاھ تۈگىمەس خىياللارغا پېتىپ قېلىپ، ئاخىردا مەلىكىنى سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈنى ئوردىدىن ھەرەمگە بالدۇر قايتىپ، مەلىكە بىلەن بىرگە بوپتۇ. كەچلىكى بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەپتۇ، شاراب ئىچىپ كۆڭلىنى ئېچىپتۇ، كېيىن كۆرپىدە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ ۋە ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېلىپ، مەلىكىنىڭ ئىش - ھە-

رىكىتىنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە پادىشاھنى ئۇيقۇغا كەتتى دەپ ئويلاپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ ئەمدى كېسەي دەپ تۇرۇشىغا، پادىشاھ كاپ قىلىپ مەلىكىنىڭ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ. مەلىكە قورققىنىدىن بىر چىرقىراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

— جاللات ! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئىككى جاللات يۈگۈرۈپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارغا:

— ماۋۇ بەتنىيەت قاتىل خوتۇننى ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاڭلار، زىندانغا تاشلانغان رائىلەنى ئېلىپ كېلىڭلار ! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

جاللاتلار مەلىكىنى سۆرىگەن پېتى ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ ۋە ھايال ئۆتمەستىن رائىلەنى ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.

— ئى قۇتقا، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇقۇشماسلىقتىن مەن سېنى زىندانغا سالدۇرۇپ، مۇشەققەت چەكتۈرۈپتىمەن، سەن بۇنى ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما. سەن مېنى بىۋاپا مەلىكىنىڭ سۇيىقەستىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلمىغان بولساڭ، ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولار ئىدىم. مەن ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن. ئەمدى سەن قالغان ئۆمرۈڭدە كوچىلاردا قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ يۈرمەي، مېنىڭ دۆلىتىمدە خالىغانچە ئەركىن ياشا !

پادىشاھ خىزمەتچى خادىملارغا رائىلەنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمىتىگە ئادەم قويۇشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئەتىسى پادشاھ ئوردا ئالدىدىكى كەڭ مەيدانغا ئېگىز دار ياسىتىپتۇ، جاكارچىلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى يىغدۇرۇپتۇ.

جاللاتلار مەلىكە گۈلنىسانى يالاپ ئەكەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن شەھەر خەلقى ھەيران قېلىشىپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا

كۆتۈرۈلۈپ، تەرتىپمۇ بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ پەشتاقتا چىقىپ مۇنداق جاكارلاپتۇ:

— خالايىق ! مۇنۇ قارا نىيەت خوتۇن مېنى قەتل قىلماقچى بولغاندا قولۇمغا چۈشتى. بۈگۈن بۇ قارا نىيەت، قاتىل خوتۇننى دارغا ئېسىشنى جاكارلايمەن. كىمكى ماڭا قەست قىلماقچى بولىدىكەن، مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار، توۋا قىلىڭلار !

كىشىلەر ئورۇنلىرىدا تۇرالماي دولقۇندەك مەۋج ئۇرۇپ چايقىلىپتۇ. پادىشاھ جاللاتلارغا:

— ئېسىڭلار ! —



دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

جاللاتلار مەلىكىنى دار ئاستىدىكى شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ، بوينىغا سىرتماق سېلىپ شىرەنى تېپىپ ئۆرۈۋې-تىپتۇ. مەلىكە داردا بىردەم تېپىرلاپ جان بېرىپتۇ. رائىلە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشال بوپتۇ. كۆڭلىگە ئۇنىڭدىنمۇ زور شۇملۇقلارنى پۈكۈپ، زورىكىت شە-ھىرى تامان سەپەر قىپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، رائىلە خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا قارىلىق كىيىم بىلەن پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئوردا دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان قاراۋۇللارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېيىت ئوقۇپ يىغلاپتۇ:

هەي قاراۋۇل ياش باللار،
يوللىرىمنى توسماڭلار.
بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم،
پادىشاھ ئالدىغا باشلاڭلار.
ۋاي دەردىم، قانداق قىلاي؟...

قاراۋۇللار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ:

— ئى قۇتقا، يىغاڭنى توختات! بېشىڭغا نېمە دەرد كەلدى، بىزگە تېز ئېيت! — دەپتۇ. رائىلە يىغلاپ تۇرۇپ:

— بېشىمغا كەلگەن دەردنى پادىشاھقىلا ئېيتىشىم كېرەك. مېنى تېز پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاڭلار، — دەپتۇ.

رائىلەنىڭ تەلىپى خوجا ئەكبەر پادىشاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. پادىشاھ خەۋەرچىلەرگە:

— ئۇنى ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. خە-ۋەرچىلەر رائىلەنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. رائىلە پادىشاھنى كۆرۈش بىلەنلا يەنە بېيىت ئوقۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ:

پادىشاھ خوجا ئەكبەر،
ئەي دانا، چېۋەر رەھبەر.
كۆكتە ئۆچتى بىر يۇلتۇز،
ئۇندىن كەلدىمۇ خەۋەر؟
ۋاي دەردىم، قانداق قىلاي؟...

ھەمراھىمدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
ئالدىڭىزدا زارلىنىپ.
ۋاي دەردىم، قانداق قىلاي؟...

پادىشاھ خوجا ئەكبەر رائىلەنىڭ بۇ ھالىدىن بىر يامانلىق بولغانلىقىنى سېزىپ، تەنلىرى شۈركۈنۈپ، يۈرەكلىرى جىغىلداپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ رائىلەنى يىغىدىن توختىتىپ سوراپتۇ:

— ھە، نېمە دەردىڭ بار؟

— ئۆزلىرىگە بىر خەۋەر ئەكەلدىم، پادىشاھئالەم.

— قېنى ئېيت!

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئاندىن ئېيتىمەن.

— ھە، كەچتىم، ئېيت!

— كۈيئوغۇللىرى تاھىر خىزىم ئۆزلىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، قىزلىرىنى دارغا ئېسىپ قەتل قىلدى، — دەپ گەپنى تامام قىپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھوشىنى يوقىتىپ، ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن ھوشىنى تېپىپ:

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپتۇ.

— راست بولمىسا، خەلقئالەم ئالدىدا شەرمىسار بولۇپ كېتەي.

— ئۇنداق بولسا بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزۈشكە نېمە سەۋەب بولدى؟

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، مەن مەلىكىلىرىنىڭ قېشىدا خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەندىم. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ماڭا كۈن چېقىلغاندەك، يۇلتۇزلار ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەك ئېغىر تۇيۇلدى. مەلىكىگە بولغان ساداقىتىمنى ئاقلاش ئۈچۈن سىلىنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. قېرى بولساممۇ چۈمۈلىدەك ئۆمىلەپ، شۇنچە ئۇزۇن مەنزىلنى بېسىپ ئاخىر مەقسىتىمگە يەتتىم، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق.

پادىشاھ رائىلەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ھۆرمىتى ئېشىپتۇ. ئۇ خىزمەتچىلەرنى چاقىرتىپ قۇتقىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ قىزىنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كەتكىنىگە قاتتىق ئېچىنىپتۇ، قىزى ئۈچۈن تاھىر خىزىمدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ دەرھال ھەممە ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى، ئاقىلۇ دانىشمەنلىرىنى، بارلىق لەشكەر باشلىقلىرىنى مەجلىسكە چاقىرىپتۇ. مەجلىستە تاھىر خىزىم ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش قارارىغا كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن لەشكەرلەر جىددىي جەڭ ھازىرلىقىغا كىرىشىپتۇ. رائىلە ئۆزىگە قاراۋاتقان خىزمەتچىلەرگە تۇيدۇرماي ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ شەھىرى كىتىككە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇتتۇرلا تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە:

— قۇتقا، ئۇزاقتىن بىرى كۆرۈنمىدىڭ، نەلەردە يۈرۈۋاتىسەن؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ.

رائىلە پادىشاھقا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ تەزىم قىپتۇ ۋە

مۇنداق دەپتۇ:

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم، ماڭا قىلغان مېھىر - شەپ-قىتىڭىزگە مىڭ رەھمەت. غېرىب قۇتقىڭىز دەرگاھىڭىزدا تۇ-رۇپ شانۇشەۋكىتىڭىزگە داغ چۈشۈرۈشنى مۇناسىپ كۆرمەي كوچىغا چىقىپ كەتكەنىدىم. كۈن پاتقان يەردە تۇنەپ، تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، ھەربىر نامىزىمدا سىزگە دۇئا قىلدىم. بۇ-گۈن مۇبارەك دىدارىڭىزنى ئەسكە ئېلىپ، ئامان - ئېسەنلى-كىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە رەم سېلىپ باققا-نىدىم، رەمدە بىر شۇم خەۋەر ئايان بولدى، سىزنى خەۋەردار قىلغىلى كەلدىم.

تاھىر خىزىم سەل جىددىيلىشىپ:

— تېز ئېيت، ئۇ قانداق شۇم خەۋەر؟ ! — دەپ سوراپ-تۇ. رائىلە مۇنداق دەپتۇ:

— رەمدە قېيناتىڭىز خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ سىزگە قارشى لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. سىزغۇ دۇنيادا تەڭداشسىز غالىب پادىشاھ، شۇنداق بولسىمۇ دۈشمەن-گە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ رائىلەگە بولغان ھۆرمىتى ئې-شىپ، ئۇنى ئۆزىگە باش مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەپتۇ. رائىلە ھۆرمەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپتۇ.

قېيناتىسىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن سارا-سىمىگە چۈشكەن تاھىر خىزىم پادىشاھ شۇ كۈنى ۋەزىرلىرى بىلەن لەشكەر باشلىقلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپتۇ. يى-غىندا خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ جازا يۈرۈشىگە تاقابىل تۇ-رۇش تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپتۇ. يىغىندىن كېيىن تەييارلىق ئىشلىرى ئىشلىنىشكە باشلاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى شەھەر ئەتراپىغا باستۇرۇپ

كەپتۇ. پادىشاھ شەھەر دەرۋازىسىنى مەھكەم بېكىتىشنى بۇي-رۇپتۇ. ئۆزى باش بولۇپ لەشكەرلەرنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىپتۇ. رائىلە ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپ، بىللە يۈرۈپتۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كېچە - كۈندۈز جىددىي جەڭ بوپتۇ. ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ يېتىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن شە-ھەرى كىتىك خەلقى ھەر جەھەتتىن قىيىنچىلىققا ئۇچراپتۇ، لەشكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىپتۇ. مۇشۇ پەيتتە خوجا ئەكبەر پادىشاھ ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەي-تىپتۇ. تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى ئوڭۇشسىزلىق-قا ئۇچراپ، زىيان بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆ-رۈپ تاھىر خىزىم پادىشاھ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ رائىلەنى پىنھان جايغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قۇتقا، سەن مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى كۆرۈۋاتىسەن، شەھەر خەۋپ ئىچىدە قالدى. مەن قانداق قىل-سام بولىدۇ؟ بىر مەسلىھەت كۆرسەت !

رائىلە خالتىسىدىن ئالا - بۇلىماچ تاشلارنى ئېلىپ رەم سېلىشقا باشلاپتۇ. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— دۈشمەنلەرنىڭ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشىگە ئاز قالدى. سىزنىڭ غەلىبە قازىنىشىڭىزدىن ئۈمىد يوق...

تاھىر خىزىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھوش - كاللىسىنى يو-قىتىپ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن رائىلە پادىشاھقا:

— پادىشاھ بولغان كىشى خەۋپ - خەتەر ئالدىدا گاڭ-گىراپ قالماسلىقى، بەلكى ئۇنى يېڭىدىغان ئىشەنچىسى بولۇشى لازىم، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. تاھىر خىزىم:

— قوتقا، قانداق قىلىمەن؟ ماڭا تېزدىن بىر يول كۆر-سەت ! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— پادىشاھىئالەم، مالال كەلمىسە، ئاخىرقى قېتىم بېرد-دىغان بىر مەسلىھەتىم بار، شۇنى سىزگە ئېيتىپ باقاي.

— بولىدۇ، ئېيت !

— سىز پادىشاھلىقنى ماڭا ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىڭ، ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن قالسا پۇقراغا، لەشكەرگە تايىنىپ جەڭ قىلىپ باقاي، تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ جەڭدە غەلىبە قىلىپ قالسام، جەڭدىن كېيىن پادىشاھلىقنى قايتۇرۇپ بېرىمەن. ئۇ ۋاقىتتا شەھىرى كىتىكلا ئەمەس، زورىكىت شەھىرىگىمۇ پا-دىشاھ بولىسىز.

ئاپەتتىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئويلىغان تاھىر خىزىم ما-قۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىقنى رائىلەگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئالتۇن تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۆز قولى بىلەن رائىلەنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. رائىلەنىڭ پادىشاھ بولغانلىقى پۈتۈن شەھەرگە جاكارلىنىپتۇ. رائىلە پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى بىر يەرگە يىغىپتۇ، ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىپ خالايىققا مۇنداق دەپتۇ:

— پۇقرالىرىم، ئەر - ئايال، قېرى - ياش قېرىنداشلى-رىم، مەن سىلەرگە ئوچۇق - ئاشكارا جاكارلايمەنكى، ھازىر ھەممىمىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئانىسى، كىندىك قېنى تۆكۈل-گەن جانجان يۇرتىمىز دۈشمەنلەرنىڭ قامالى ئاستىدا تۇر-ماقتا. بىزگە كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر قاش - كىرپىك ئا-رىلىقىدا قالدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بول-سا، رەڭگىرويىڭ سامان بولماس» دەپ، ناھايىتى توغرا ئېيت-قان. بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ: بىرى، دۈشمەن-لەرگە ئەل بولۇپ، قۇللۇقتا سارغىيىپ ياشاش؛ يەنە بىرى،

دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئەركىن ـ ئازادە ياشاش. بىز قايسى يولدا ماڭىمىز، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟

رائىلەنىڭ سۆزلىرى خالايىققا تەسىر قىپتۇ. ئۇلار بىردەكلا:

— بىز كېيىنكى يولدا ماڭىمىز، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇشۇپتۇ. خەلقنىڭ ساداسىنى ئاڭلىغان رائىلە تۆمۈرنى قىزدقىدا سوقۇش ئۈچۈن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئەلۋەتتە كېيىنكى يولدا مېڭىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە مۇراجىئەت قىلىمەنكى، ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ دۈشمەنلەرگە قارشى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بىز چوقۇم مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.

خالايىق بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپتۇ. رائىلە ۋەزىرلەرنى، دانىشمەنلەرنى، لەشكەر باشلىقلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ، شەھەر مۇداپىئەسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. خىزمەتتە بوشاڭلىق قىلغان باشلىقلارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا يېڭىدىن باشلىق تەيىنلەپتۇ. ئۆلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئورنىغا پۇقرالاردىن يېڭى لەشكەر ئېلىپ تولدۇرۇپتۇ. قىسقىسى، ھەر تەرەپلىمە تەييارلىقلار ياخشى ئىشلىنىپتۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ بىرقانچە قېتىملىق شىددەتلىك ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ شەھىرى كىتىكلىكلەرنىڭ بۇنداق كۈچىيىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران قاپتۇ. ئۇ ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، شەھەرگە بولغان قامالنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە باشلاپتۇ، شەھەرگە سىرتتىن بىر تال قۇشنىمۇ كىرگۈزمەپتۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. شەھىرى كىتىك خەلقىنىڭ يەيدىغان ئوزۇقى، قالايدىغان ئوتۇنى، ئىچىدىغان سۈيى قالماي، زور

قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەپتۇ. بۇ قىيىنچىلىقلار ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىش جاسارىتىدىن مەھرۇم قىپتۇ. مۇشۇ پەيتتە خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئەسكەرلەرنى قايتا تولۇقلاپ، شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شەھىرى كىتىكنى ئىشغال قىپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ رائىلەنى ئەسىرگە ئاپتۇ. ئۆزىگە خەۋەر ئەكەلگەن بۇ دەللىنىڭ ئەمدىلىكتە پادىشاھ بولۇۋالغانلىقىدىن ھەيران قاپتۇ. تاھىر خىزىمنىمۇ ئىزدەپ تېپىپ ئەسىرگە ئاپتۇ. ئاچ - زارلىقتا قالغان شەھىرى كىتىك خەلقىگە كىيىم-كېچەك نەرسىلەرنى تارقىتىپ بېرىپ، دەردىگە دەرمان بوپتۇ. يۇرت ئىچىدە تىنچ - ئامانلىق ئورنىتىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئەكبەر پادىشاھ جاكارچىلار ئارقىلىق پۈتۈن خەلقنى بىر يەرگە توپلاپتۇ. تاھىر خىزىم بىلەن رائىلەمۇ بىر يەرگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن كېيىن خالايىق ئالدىدا سوراقنى باشلاپتۇ:

— ئەي ئاسىي قاتىل! مەلىكە گۇلنىسانى نېمىشقا دارغا ئاسقۇزدۇڭ؟! — خوجا ئەكبەر پادىشاھ تاھىر خىزىمدىن سوراپتۇ. تاھىر خىزىم تىترەپ تۇرۇپ، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن رائىلە سوراق قىلىنىپتۇ. رائىلە ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى مۇنداق بايان قىپتۇ:

— مەن ھازىر بىر قېرى كالا، قېرى كالا پىچاقتىن قورقمايدۇ. مېنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈم مەشەگىچە. مەن پۈتۈن سىرنى ئاشكارىلاي: مەن كىچىكىمدىن تارتىپ پىتنە - پاسات تارقىتىپ، كىشىلەرنى بالايىئاپەتكە دۇچار قىلىشنى كەسىپ قىلىپ كەلدىم. كۈندە بىرىنى ئالداپ بالايىئاپەتكە دۇچار قىلمىسام، كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. بىر كۈنى مەلىكە گۇلنىسا مېنى رەم سېلىپ بېرىشكە چاقىردى ...

رائىلە ئۆزىنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئىقرار قىپتۇ.

خوجا ئەكبەر پادىشاھ، تاھىر خىزىم پادىشاھ ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى يۇقىرىدا بولغان كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى رائىلەنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا نەپرەت ياغدۇرۇپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئەل ئىچىدىكى مۇشۇنداق يامان شۇمبۇيىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن رائىلەنى نەق مەيداندا دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. رائىلە دارغا ئېسىلىپتۇ. بۇنىڭدىن پۈتۈن شەھەرى كىتىك خەلقى شاد ـ خۇراملىقتا چۆمۈلۈپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئەل ئالدىدا تاھىر خىزىمغا قاراپ:

— مەن سېنى ئەقىل ـ ھوشى جايىدا دەپ كۈيئوغۇل قىلغانىدىم. خەير، ئاتا ـ بالا بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا گۇناھىڭدىن كەچتىم. سەن قىلغاننى مەن قىلماي. بۇنىڭدىن كېيىن ئەقىل ـ ھوشۇڭ بىلەن ئىش قىلارسەن. مەن سېنى بۇ شەھەرگە قايتا پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەيمەن. ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىشىڭنى، يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ، گۇناھىڭنى يۇيۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ.

تاھىر خىزىم ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونۇپ، قېيناتىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ھۆكرەپ يىغلاپتۇ. خوجا ئەكبەر پادىشاھ ئۇنى ئورنىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— خەلقىڭنى رازى قىلساڭلا مەن سەندىن رازى! — دەپتۇ.

— بولىدۇ، دادا، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، — دەپتۇ تاھىر خىزىم پادىشاھ. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تاماملىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئەكبەر پادىشاھ زوركىت شەھىرىگە قاراپ يۇرۇپ كېتىپتۇ.

تاھىر خىزىم پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، شەھىرى كىتىكنى قايتا گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلاپتۇ.

# تەۋەككۇل ئوغرى بىلەن شاھزادە

خانتەڭرىگە قار چۈشمىگەن قەدىم زامانلاردا، چېكى يوق
يايلاق ۋە چىرايلىق قىشلاقلاردا، خەلقىنىڭ دەردىگە دەرمان بو-
لۇپ يۇرتنى ئادىل سورىغان سەلتەنەتلىك بىر شاھ ئۆتكەند-
كەن. ئۇ شاھ پۈتۈن ئۆمرىنى پۇقرالارنىڭ غېمى ئۈچۈن سەرپ
قىلىپ، ئۆز ئوغلىنى تەربىيىلەشكە ۋاقىت ئاجرىتالمىغاند-
كەن. شاھزادە ھۇرۇن ۋە ئويۇن قېپى بولۇپ، دادىسىنىڭ مال -
دۇنياسىنى بەتخەجلىك بىلەن بۇزۇپ - چاچقاننى ئاز، دەپ ھە
دېسىلا خەزىنىنى زىيارەت قىلىشنى باھانە قىلىپ، ئالتۇن -
كۈمۈشلەرنى ئوغرىلاپ ئاچىقىپ خەجلەيدىغان بولۇۋاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھ ئۇۋ ئۈستىدە قازا قىلىپ،
شاھزادە تەختكە چىقىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن توسۇ-
غان ۋەزىر - ئۆلىمالارنى زىندانغا تاشلاپ، ھېلىگەر،
كاززاپلارنى ئەتراپىغا توپلاپتۇ. يۇرتنىڭ بېشى بۇزۇلغاچقا،
ئەلدىن بەرىكەت قېچىپ، ئوغرى - يالغانمۇ كۆپىيىشكە
باشلاپتۇ. بىر كۈنى قەلئە ئەتراپىدىكى بىرنەچچە باي ئەرز
ئېيتىپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى:

— شاھىم، كېچە تاغدا تۆت يۈز تۇياق ساغلىقىمنى ئوغ-
رى ئېلىپ كەتتى، — دەپتۇ. يەنە بىرى:

— شاھىم، كېچىدىن باشلاپ قەلئە ئەتراپىدىكى بارلىق

پۇقرا ـ قەلەندەرلەرنىڭ ئۆيىدىكى قازاندا گۆش قاينىدى، — دەپتۇ. يەنە بىرى بولسا:

— شاھىم، يۇرتىمىزدا تەۋەككۇل ئاتلىق بىر ئوغرى پەيدا بوپتۇ. ئۇ مالدارنىڭ مېلىنى ئوغرىلاپ، يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرىمىش، — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ، ۋەزىر ـ ئۆلىمالىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ.

— جانابىي ئالىيلىرى، ئۆمۈر بويى ئىشلەتمىگەن ھېلىقى ئاق نار تۆگىنى ئەمدى ئىشقا سالساق، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ بىر ۋەزىر. قالغانلارمۇ ئۇنى قوللاپ، تەۋەككۇل ئوغرىنى تۇتۇش ئۇچۇن ئاق نار تۆگە قويۇپ بېرىلىپتۇ ۋە قارىسىنى يوقاتماي كۆزىتىپ مېڭىشقا ياساۋۇل بەلگىلەپتۇ.

شاھ ئوردىسىدا بېقىلغان بۇ تۆگە ئاجايىپ خاسىيەتلىك بولۇپ، ئۇ ئوغرىنىڭ قولى تەگكەن مالنى بىر پۇراپلا ئوغرىدىنى نەدىن بولسۇن ئىزدەپ تاپالايدىكەن.

ئەمدى گەپنى تەۋەككۇلدىن ئاڭلايلى:

تەۋەككۇل ئەسلىدە نامرات يىللىقچى بولۇپ، ئەل ـ يۇرتتىكى نامراتچىلىققا چىدىماي، مۇلۇكدارلارنىڭ قولىدىكى مال ـ دۇنيانى تەڭشەش ئۇچۇن بەل باغلاپ چىققانىكەن. ئۇ ھەر دائىم ئوغرىلىغان مال ـ دۇنياسىنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي نامرات، كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىدىكەن، شۇڭا خەلق ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. تەۋەككۇل تاغ ـ ئېدىرلارنى بىرەر قۇر تەكشىگەندىن كېيىن، قەلئە ئىچىنىمۇ تەكشەپ قويۇش ئۇچۇن شەھەرگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇ بىرىنچى كېچىدىلا تۆت يۈز تۇياق ساغلىقنى ھەيدەپ كېلىپ، ئەتراپتىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يالغۇز بىر قېرى ئانىسىلا بار ئىكەن. تەۋەككۇل ھويلىدا ئۇتۇن يېرىۋاتقاندا، سې-

غىزغانىنىڭ شاراقلىغىنىنى ئاڭلاپ دەرەخكە چىقىپ يولغا قاراپ، يىراقتىن بىر ئاق نار تۆگىنىڭ ئۇدۇل بۇياققا كې-لىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. تەۋەككۈل ئانىسىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، ئىشىك تۈۋىدە پالتىنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. تۆگە ھويلا ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىشى بىلەن تەڭ ئۇ بوينىغا پالتا ئۇ-رۇپ تۆگىنى ئۆلتۈرۈپتۇ - دە، دەرھال بولۇڭدىكى ئوت - چۆپ دۆۋىسىگە كۆمۈپ قويۇپ، ئۆزى چىرايلىق بىر قىزنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ، ئانىسىغا:

— ئەگەر ياساۋۇللار كېلىپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىمەن دېسە، مېنىڭدىن رۇخسەتسىز كىرگۈزمىگىن، — دەپ تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈچ نەپەر قوراللىق ياساۋۇل ھويلىغا كى-رىپتۇ ۋە مومايدىن تۆگە كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سوراپ-تۇ. موماي بىر ئاق نار تۆگىنىڭ ئالدى ئىشىكتىن كىرىپ، ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، تۆگىنىڭ تۇياق ئىزىنىمۇ كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. دەل شۇ ئەسنادا ئىچ-كەركى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن نازاكەتلىك بىر گۈزەل قىزنىڭ ناز بىلەن بېقىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ياساۋۇللارنىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمەپتۇ ۋە مومايدىن ئۇسسۇزلۇق سوراپتۇ. موماي چاي قاينىتىپ بېرىشكە رازى بولۇپ، ياساۋۇللارنى دالان ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇلار ئىچكەركى ئۆيدە دۇتار چېلىپ ئولتۇرغان گۈزەل قىزنى كۆرۈپ، ئاشىقى بىقارار بو-لۇشۇپتۇ. موماي ئىچكەركى ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ چايغا تۇتۇش قىپتۇ. چايدىن كېيىن ياساۋۇللار قىزنى زىيارەت قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— قىزىم ئەركەك يۈزى كۆرمىگەن، يۈزى تۆۋەن، سىلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتمىسۇن، بىردىن - بىردىن كىرىڭلار، —

دەپتۇ مومای.

ئىچكەركى ئۆيگە تۇنجى قېتىم كىرگەن ياساۋۇل ئىشىكـ نى چىڭ يېپىپ قويۇپ، ئالدىغا ئۈچ قەدەم ماڭغانىكەن، ئايدـ غى ئاستىدىكى تاختاي تۇيۇقسىز پەسكە قايرىلىپ ياساۋۇل چوڭقۇر ئورىغا «گۇپ» قىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. تەۋەككۇل كېيىنكىلىرىنىمۇ خۇددى شۇنداق يوقاتقاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىگە كولىغان ئورىنى كۆمۈپ تاشلاپ، تۆگىنىڭ گۆشىنى قاق قىلىپ، مېيىنى كۆيدۈرۈۋاپتۇ.

نار تۆگە ۋە ئۈچ ياساۋۇلدىن ئايرىلغان شاھزادە كېچىچە ئۇخلىماي تەسلىكتە تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىگەندە شەھەردىكى چوڭ سەرراپ داد ـ پەرياد ئۇرۇپ يىتىپ كەپتۇ ۋە كېچىدە پۇتۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئالاقزادە بولغان ۋەزىر ـ ئۆلىمالار دەرھال شاھ ئوردىسىغا ھازىر بولۇپ، يىغىلىش قىپتۇ. شاھزادە جىددىي تەدبىر قوللىنىشنى قاتتىق تەلەپ قىپتۇ. ئۇلار: «تاغ باغرىدا ياشايدىغان يەتمىش ئىككى خىل ھىيلىسى بار بىر جادۇگەر كەمپىر بار، تەۋەككۇل ئوغرىنى شۇ تاپالايدۇ» دەپتۇ. شاھزادە دەرھال قوشۇلۇپ:

— بىز ئۇنى چاقىرتىپ كېلەيلى، — دەپتۇ.

جادۇگەر كەمپىر ئوردىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەھۋالـ نى ئۇقۇپ، تەۋەككۇلنىڭ خەۋىرىنى ئەكېلىشكە يەتتە كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ھەر خىل ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن تەۋەككۇلنى ئىزدەپـ تۇ، زادىلا تاپالماپتۇ. ئارىدىن ئالتە كۈن ئۆتۈپتۇ. ئالتە كۈن ئىـ چىدە تەۋەككۇل ئوردا ئەتراپىدىكى ئالتە چوڭ زومىگەرنىڭ مال ـ دۇنياسىنى يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلىكىدە قويۇپ بوپتۇ.

يەتتىنچى كۈنى ئەتىگەندە كەمپىر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تەۋەككۇلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە نالە قىلىپ،

ئۇن سىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. تەۋەككۇل تىك - تىڭلاپ بىر-قىش ئۇچۇن شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىكەن، يالغۇز قالغان ئانا كەمپىرنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ.

— يالغۇز ئوغلۇم بار ئىدى، — دەپ نالە قىپتۇ جادۇ-گەر كەمپىر، — ئالتە ئايدىن بېرى پالەچ بولۇپ يېتىپ قال-دى. تېۋىپنىڭ دېگىنى بويىچە، ئاق نار تۆگىنىڭ مېيىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى. ۋاي بىچارە بالامەي...

تەۋەككۇلنىڭ ئانىسىنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىپتۇ ۋە ئۆيگە كىرىپ، بىر كوزا تۆگە مېيىنى ئۇنىڭغا ئاچىقىپ بې-رىپتۇ. جادۇگەر كەمپىر كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

بازارنى ئايلىنىپ، كېچىلىك ئوۋنىڭ غېمىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقان تەۋەككۇل ئۆزىنىڭ ئۆيىدى-كى تۆگە مېيى قاچىلانغان كوزىنى كۆتۈرۈپ ئۇچقاندەك يۈ-گۈرۈپ كېتىۋاتقان جادۇ-گەر كەمپىرنى كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ ساددىلىق قى-لىپ سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى پەملەپتۇ - دە، جادۇگەر كەمپىرنىڭ يولىنى توسۇپ:



— ھارمىغايلا، موما، بەكمۇ ئالدىراشقۇ، كوزى-لىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بې-رەيمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— رەھمەت، بالام، ئوغلۇم پالەچ بولۇپ يې-

تىپ قالغانىدى. مىڭ تەسلىكتە ئازراق ئاق نار تۆگىنىڭ مې-
يىنى تېپىپ كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ جادۇگەر كەمپىر.
— ھەي، تۆگە مېيىغا قارىغاندا كاللا - پاقالچىقى ياخ-
شىراق شىپا بولىدۇ. مەن سىلىگە ئاق نار تۆگىنىڭ كاللا -
پاقالچىقىنى ئېلىپ بېرەي، — دەپتۇ تەۋەككۇل ئۇنى ئالداپ.
تۆگىنىڭ مېيىغا قارىغاندا نەق كاللىسىنى كۆتۈرۈپ بار-
سا تېخىمۇ ياخشى دەلىل بولىدىغانلىقىنى ئويلىغان جادۇگەر
كەمپىر ماقۇل بولۇپ، تەۋەككۇلنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ ئۆ-
يىگە كەپتۇ. تەۋەككۇل ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چاناپ ئېلىپ،
جەستىنى كۆمۈپ تاشلاپتۇ.
شۇ كېچىسى تەۋەككۇل پادىشاھ ئوردىسىدىكى خەزىنىگە
ئوغرىلىققا كىرىپ، ھەربىر ئامباردىن ساناپ ئون تىللا، ئون
يامبۇدىن ئېلىپ، شاھقا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپتۇ.
جادۇگەر كەمپىردىن ئايرىلىپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن
ئوردا ئەھلى كېچىدىكى ئوغرىلىقتىن خەۋەر تېپىپ، تېخىمۇ
قورقۇشۇپ كېتىپتۇ. شاھزادە سەھەردىلا پۈتۈن ۋەزىر - ئۆ-
لىمالارنى يىغىپ، تەۋەككۇلنى تۇتىدىغان ياخشى چارە تېپىش-
مىسا، ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.
ۋەزىر باش قاتۇرۇپ ئوبدان بىر چارىنى تېپىپتۇ.
ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. ھەر كۈنى دېگۈدەك تالاي
پاراكەندىچىلىكلەر يۈز بېرىپ تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى چۈشتە تە-
ۋەككۇل كوچا - كوچىلارغا چاپلىۋەتكەن شاھنىڭ پەرمانىنى
ئوقۇپتۇ. پەرماندا: «ئوردا ئارقىسىدا مەخسۇس ساراي سالدۇر-
دۇم، يەتتە قەۋەت سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۇجرىدا مەلىكە
تۇرىدۇ. كىم مەلىكىنىڭ بارمىقىدىكى گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن
ئۈزۈكنى تۇيدۇرماي ئوغرىلىۋالسا، مەلىكىگە قوشۇپ پادىشاھ-
لىقىمنى بېرىمەن» دېيىلگەنىكەن. تەۋەككۇل تامدىكى پەرماننى

سويۇۋېلىپ قاتلاپ يانچۇقىغا ساپتۇ ـ دە، دەرھال ئوردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپتۇ. ئۇ يەردە بىرنەچچە مىڭ مەدىكار ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەۋاتقانىكەن. تەۋەككۇل مەدىكارلارغا نان ئېلىپ كېتىۋاتقان سېۋەتنى كۆتۈرۈشۈپ بەرگەن بولۇپ جېسەكچىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. ئۇ قورۇلۇشنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، بىر ئىشلەمچىدىن:

ـــ ئاغىنە، سىلەرنىڭ كولاۋاتقىنىڭلار قايسى ئۆينىڭ ئۇلىكەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ مەلىكە خېنىمنىڭ ئۆيى، كەڭلىكىنى كۆرمىدىڭلىمۇ؟ ـــ دەپتۇ ئىشلەمچى ئىككى غۇلاچ كەڭلىكتىكى ئۇلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. دەل شۇ پەيتتە بىر جېسەكچى كېلىپ، تەۋەككۇلدىن:

ـــ سەن نېمە ئادەمسەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ ناسۋال ساتقىلى كەلدىم، ـــ دەپتۇ تەۋەككۇل تەمتىرىمەي.

ـــ يوقال ! جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟ ـــ دەپ ھېلىقى جېسەكچى ئۇنى قوغلاپتۇ. تەۋەككۇل ھۇجرا تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قەدەم بىلەن ھېسابلاپ، ئىچىدە ساناپ مېڭىپتۇ، ئۇ شۇ ماڭغىنىچە تاغ باغرىدىكى بوك دەرەخزارلىققا كەلگەندە قەدىمىنى توختىتىپتۇ. ئۇ شۇ يەردىن باشلاپ ساراي ھۇجرىسىغا قاراپ لەخمە كولاشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە ساراي پۈتۈپتۇ. تەۋەككۇلنىڭ لەخمىسىمۇ دەل شۇ كۈنى مەلىكىنىڭ ھۇجرا تېمىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا يېتىپتۇ، پەقەت تامنىڭ بىر قەۋەت سۇۋىقىلا قاپتۇ. تەۋەككۇل ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ئۇ كۈنى كېچە بولغاندا لەخمە ئارقىلىق ھۇجرا تېمىغا كەپتۇ. قولىدىكى بىگىزدە تامدىن كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىپ

ئۆي ئىچىنى كۆزىتىپتۇ. ئۇ ماموق تۆشەكتە ناز ئۇيقۇدا ياتقان گۈزەل مەلىكىنى، ئۇنىڭ ئاپئاق بىلەكلىرىدىكى ئالتۇن بىلەزۇك ۋە بارمىقىدىكى گۆھەر كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈپتۇ، ئوتتۇرىدىكى ھۇجرىنىڭ ئەتراپىدىكى سارايلارغا بولسا، يەتتە قەۋەت لەشكەر، ياساۋۇللار قويۇلغانلىقىنى بايقاپتۇ.

تەۋەككۈل يېرىم كېچىدە تامنىڭ سۇۋاقلىرىنى ئاستاغىنا سويۇپ ئېلىۋېتىپ، قوڭغۇراقنىڭ يىپىنى كېسىۋېتىپ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ، قاتتىق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان مەلىكىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپتۇ. باياتىندىن بېرى يالغاندىن ئۇخلىۋالغان بولۇپ ياتقان مەلىكە كۆزىنى ئاچماستىن جىم يېتىپ، ئەگەر ۋارقىرىسام ياكى سىرتتىكىلەرگە خەۋەر بەرسەم، ئۇ دەرھال قېچىپ كېتىشى مۇمكىن، تامنىڭ ئىچىدىن تېشىپ چىقالىغان ئوغرى چوقۇم تۇتۇق بەرمەيدۇ، شۇڭا ئۇنى ئۆزۈمگە مەھلىيا قىلىپ، مەستخۇش بولغاندا چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ۋارقىرىمايمەنمۇ، دەپ ئويلاپتۇ ۋە تەۋەككۈلنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ:

— ھەي قورقماس يىگىت، مەن سېنىڭ يۈرەكلىكىڭگە قول قويدۇم، كەلگىن، بىز سىردىشايلى، — دەپتۇ.

تەۋەككۈل مەلىكىنىڭ ھىيلىسىنى پەملەپ، چاندۇرماستىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئاپتۇ ۋە ئۇلار شېرىن سۆزلەر بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. تەۋەككۈل مەلىكىنى گەپكە سېلىپ قويۇپ، شاھنىڭ نامى پۈتۈلگەن ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۇنىڭ بارمىقىدىن سۇغۇرۇۋاپتۇ. مەلىكە بۇنى سېزىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— مەن سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭغا قول قويدۇم، مەن ئۆزۈمنى ساڭا بېغىشلايمەن، — دەپتۇ ناز قىلىپ ۋە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ.

— مەن كېتەي، تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، ئەتە كېلەي، —

دەپتۇ تەۋەككۇل، لېكىن مەلىكە زادىلا ئۇنىماي: «سەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايمەن» دەپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ.

— تالادىن بىرى قارىغاندەك قىلىدۇ، مەن دېرىزىدىن قاراپ باقاي، — دەپتۇ تەۋەككۇل ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ياق، مېنى ئالداپ قېچىپ كېتىسەن، — دەپ مەلىكە ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇۋاپتۇ. تەۋەككۇل:

— بولمىسا بىر قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇڭ، مەن دېرىزىدىن قاراپ بېقىپ ئاندىن ئولتۇرىمەن، — دەپتۇ ـ دە، قاراڭغۇدا جادۇگەرنىڭ بىر قولىنى مەلىكىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. مەلىكە قولنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭدا هارارەت يوقلۇقىنى هېس قىلىپ، قولنى تارتىپتۇ. ئۇ دەھـ ـشەتلىك چىرقىرىغىنىچە، جەينەكتىن كېسىلگەن قولنى پىرـ ـقىرىتىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئىچىدىن چىڭ ئېتىۋېتىلگەن ئىـ ـشىكتىن لەشكەرلەر دەرهال كىرەلمەپتۇ. مەلىكە ئېسىگە كېـ ـلىپ ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىنلا جېسەكچىلەر ئۆيگە كىرىپـ ـتۇ. ئۇلار مەلىكىنىڭ قولىدىكى ئۇزۇكنىڭ يوقلۇقىنى، تامـ ـدىكى ئىشىكتەك يوغان تۆشۈكنى ۋە يەردە تۇرغان جادۇگەرنىڭ قولىنى كۆرۈپ ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالغان شاهزادە قىيقاس ـ سۈرەننى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ ۋە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپتۇ. قارىسا، ئوردا ئالدىدىكى مەيداندا ۋەزىر ـ ئۆلىمالار، لەشكەر ـ ياساۋۇللار، ئوردا بەگلىرى ۋە ئاۋام خەلق سەپراس بولۇپ تۇرۇشقان، ۋەزىرلەر ئوتتۇرىدىكى شاهانە سۇپەت كىـ ـيىنگەن يوچۇن بىر كىشىگە خۇشامەت قىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ تۇرغان بۇ كىشىنىڭ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك پارقىراپ تۇرغان. شاهزادە ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ ۋە دەرهال كىيىنىپتۇ.

ئەسلىدە تەۋەككۇل كىچىدە جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ، تاڭ ئاتقاندا شاھتىن باشقا بارلىق ئوردا ئەمەلدارلىرىنى، لەشكەر باشلىقلىرىنى ۋە ئاۋام خەلقنى ئاتاقلىق سودىگەر نامىدا چوڭ بىر سارايغا چايغا چاقىرغانىكەن. بۇ سودىگەرنىڭ ئىلتىپاتىدىن قۇرۇق قالماسلىقنى ئويلىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەممىسى كېلىشىپتۇ. زىياپەت مول بوپتۇ. ھەممە مۇسەللەس ئىچىپ مەست بولغاندا، تەۋەككۇل قويىنىدىن شاھنىڭ پەرمانىنى چىقىرىپ ئوقۇپتۇ. ۋەزىرلەر ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇزۇكنى كۆرۈپتۇ. ئاۋامنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ۋە تەنتەنىسى ئۇلارنى زۇۋانغا كەلتۈرۈپتۇ. يېڭى شاھنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىشنى خالىمىغان بەگزادە - بايۋەچچىلەر، ۋەزىر - ئۆلىمالار ئارقا - ئارقىدىن ئۇنى: «شاھ ئالىيلىرى» دەپ، خۇشامەت قىلىشقا باشلاپتۇ. تەۋەككۇل ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھەممىنى ئوردىغا باشلاپ كەپتۇ.



ئىشنىڭ چا-

تاقلىقنى پەملىگەن شاھزادە جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شاھلىق تاجىنى تەۋەككۈلگە تاپشۇرۇپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ. تەۋەككۈل ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئىنساپسىزلىقىڭدىن ھارامنى كۆپ يېدىڭ، ئەمدى ھالالىڭنىمۇ تەمىنى تېتىپ كۆر. بۇنىڭغا ئازراق دەسمايە بىلەن بىر ئات، ھارۋا بېرىڭلار، چوڭ خوتۇنى بىلەن تۆۋەن مەھەللىدىكى كەپىدە ئۆي تۇتۇپ، خاڭدىن كۆمۈر توشۇپ سېتىپ جان باقسۇن، — دەپتۇ.

تەۋەككۈل پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئادىللىقىدىن خەلق سۆيۈنۈپتۇ.

تەۋەككۈل كۈندۈزى شاھلىق تاجىنى كىيىپ، تەختتە ئولتۇرۇپ يۇرت سورىسا، كېچىسى ئەسكى چاپىنىنى كىيىپ، مەھەللىمۇمەھەللە كېزىپ يۈرۈپ، ئەل - جامائەتنىڭ ئەرز - دادىنى ئاڭلىغاچ، ئەھۋاللارنى تىڭ - تىڭلايدىكەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بۇلۇڭدىكى بىر چايخانىدا ئۈچ ئوغرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— بىز ئوغرىلىق قىلغاندا تەۋەككۈل ماڭقىسىنىمۇ ئېرىتالمايتتى، مانا ئەمدى پادىشاھ بولۇپ كەتتى. بىزمۇ تازا گالۋاڭكەنمىز، — دېيىشىپتۇ ئۇلار بىر - بىرىگە.

— قولۇڭلاردىن قانچىلىك ئىش كېلەر؟ — دەپتۇ تەۋەككۈل ئۇلارغا سىنچىلاپ قاراپ، — قېنى، ئوردا خەزىنىسىگە چۈشمەيلىمۇ؟

— مەن ھەرقانداق ھايۋاننىڭ تىلىنى بىلىمەن، — دەپتۇ بىرى.

— مەن ھەرقانداق دۇنيانى پۇراپ تاپىمەن، — دەپتۇ بىرى.

— مەن كېچىدە كۆرگەن كىشىنى قىرىق يىلدىن كې-

يىنمۇ تونۇيمەن، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— سەنچۇ؟ سىنىڭ قولۇڭدىن نىمە ئىش كىلىدۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ ئۇلار. تەۋەككۇل ئۇلارغا:

— ئوق تەرەپتىكى بۇرۇتۇمنى تولغىسام، ھەرقانداق ئادەم تىرىك قالىدۇ، سول تەرەپتىكى بۇرۇتۇمنى تولغىسام، ھەر-قانداق ئادەم ئۆلىدۇ، — دەپتۇ.

— پو ئاتماي راستىڭنى ئېيت، — دەپتۇ ئۇلار.

— يەنە ھەرقانداق قولۇپنى ئاۋاز چىقارماي ئېچىۋېتەلەي-مەن، — دەپتۇ تەۋەككۇل.

ئۇلار ئىشەنمەي زاڭلىق قىلىشىپتۇ ۋە يىرىم كىچە بول-غاندا ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىشىپتۇ. ھۇرۇن ئوردا جىسەكچىلىرى يەنە كىچىدە ئۇخلاپ قالغانىكەن. ئۇلار ئوردا خەزىنىسى بار سارايغا بىمالال يىتىپ كەپتۇ. شۇ ئەس-نادا ئىت قاۋاپ كەپتۇ ۋە پادىشاھنى كۆرۈپ كەينىگە ئىڭشىپ قايتىپتۇ.

— ئاراڭلاردا پادىشاھ بار، ئاگاھ بولۇڭلار دەيدىغۇ بۇ ئىت، — دەپتۇ ھىلىقى ھايۋاننىڭ تىلىنى بىلىدىغىنى.

— جۆيلىمە، — دىيىشىپتۇ ھەممىسى ئولجىنىڭ قېشىغا كېلىپ قالغاندا قۇرۇق قول كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماي.

— مانا بۇ ئۆيلەردە تىللا بىلەن يامبۇ بار ئىكەن، — دەپتۇ پۇراپ تاپىدىغىنى.

— قېنى، ئاۋاز چىقارماي قولۇپلارنى ئاچمامسەن؟ — دەپتۇ ئۇلار تەۋەككۇلگە.

تەۋەككۇل قاراڭغۇدا ئۇلارغا كۆرسەتمەي ئاچقۇچنى چى-قىرىپ سارايىنى ئېچىپتۇ. ئۇلار ئۇلەر - تىرىلىشىگە قارى-ماستىن تىللا - يامبۇلارنى قوينىغا قاچىلاشقا باشلاپتۇ.

— توختاڭلار! — دەپتۇ تەۋەككۇل ئۇلارغا، — ئاغىنى-

لەر، بۇ دۇنيا ئۆزىمىزنىڭ، خالىغان چاغدا كىرىپ قانچىلىك ئالىمەن دېسەك ئالالايمىز. ھازىر كۆپ ئېلىپ بېسىقتۇرالماي تۇتۇلۇپ قالغۇچە، ئاز ـ ئازدىن ئالامدۇق.

— ئىشىڭنى قىل! — دەپتۇ بىرى ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ.

— چاتىقىڭ نېمە؟ سەنمۇ ئالامسەن؟ — دەپ ۋارقىراپـ تۇ يەنە بىرى.

— ئەگەر سۆزۈمگە كىرمىسەڭلار، ھازىرلا تۇۋلايمەن! — دەپ پوپوزا قىپتۇ تەۋەككۇل.

ئۇلار نۇرغۇن دەتالاشتىن كېيىن تەۋەككۇلنىڭ نەسىھەتـ تىگە كۆنۈپتۇ. تەۋەككۇل ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە يۈز تىللا ۋە يۈز يامبۇدىن بېرىپتۇ. ئۆزىمۇ شۇنداق ئاپتۇ. ئۇلار ئوردىدىن چىقىپ چوڭ كوچىغا يېتىپ كەلگەندە، تەۋەككۇل:

— ئاغىنىلەر، مېنىڭ ئۆيۈم يوق، ئاۋۇ تونۇرنىڭ ئىچىدە ياتىمەن. ئەتە نەدە كۆرۈشىمىز؟ — دەپتۇ.

— تاغنىڭ ئاخىرقى جىلغىسىدىكى بۇك دەرەخلىك ئىـ چىدە بىر يوغان تاش بار، شۇ تاشنىڭ ئارقىسىدا بىر تۆشۈك بار، شۇ يەردىن كىرسەڭ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە بىز بار، — دەپتۇ ئۇلار.

تەۋەككۇل ئوغرىلاردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئوردىغا قايـ تىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ ۋە ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىگەندىلا ۋەزىرنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئۇنى ئويغىتىۋېتىپتۇ.

— پادىشاھىم، خەزىنىگە ئوغرى تېگىپتۇ، — دەپتۇ ئۇ.

— قانچىلىك مال ـ دۇنيا ئوغرىلىنىپتۇ؟

— بەش مىڭ تۆت يۈز تىللا بىلەن، بەش مىڭ تۆت يۈز يامبۇ يوق، — دەپتۇ ۋەزىر.

— شاھلىق تەۋەيىمىزدىكى بارلىق ئادەمنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئوردا مەيدانىغا يىغىڭ، — دەپ

پەرمان بېرىپتۇ تەۋەككۇل.

ۋەزىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تەۋەككۇل لەشكەر باشلىقىغا ئون بەش لەشكەر ۋە ئون بەش هارۋا ئېلىپ ئوغرىلار ياتقان تاغقا بېرىپ، ئۇلارنى مال ــ دۇنياسى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشقا ئادەم بەلگىلەپتۇ.

مەيدانغا ئادەملەر يىغىلىپتۇ. ھەممە كىشى ياساپ قويغان ئېگىز دارغا ۋەھىمە بىلەن قارىشىپتۇ. تەۋەككۇل پەرمان ئېلان قىپتۇ:

— بەش مىڭ تىللا ۋە بەش مىڭ يامبۇنى ئوغرىلاپ تىقىۋالغان ۋەزىرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن! ھەربىرى يۈز تىللا ۋە يۈز يامبۇ ئوغرىلىغان ئوغرىلار ئەنە ئەمدى كەلدى، — دەپتۇ تەۋەككۇل هارۋىغا مال ـ دۇنيالارنى بېسىپ، لەشكەرلەر ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئوغرىنى كۆرسىتىپ. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كېچىسى كۆرگەن ئادەمنى قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ تونۇيدىغان ئوغرى تەۋەككۇلگە:

— پادىشاھىم، ئۇڭ تەرەپتىكى بۇرۇتلىرىنى تولغىۋەتكەن بولسىلا. بىز قايىل بولدۇق، توۋا قىلدۇق، بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

تەۋەككۇل ئوغرىلارغا ئون سەر پۇل، بىردىن كەتمەن ۋە بىردىن كېسەك قېلىپى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كېسەك قۇيۇپ جان بېقىشىغا رۇخسەت قىپتۇ.

تەۋەككۇل ئۆزىگە قول قويغان مەلىكىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئەلگە كاتتا توي قىلىپ بېرىپتۇ، قېيناتىسىنى ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ چەكسىز يايلاق ـ قىشلاقلاردا ئوغرى ـ يالغان قالمىغانىكەن.

# نىيىتى يامانىڭ قازنى تۆشۈك

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي بولغانىكەن. ئۇلار ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا كىشىلەرگە چاكار بولۇپ ئىشلەپ، كۈندىلىك يېمىكىنى كۈندە تېپىپ، سىبىرىقتال كۈن كەچۈرۈپ كەلگەنىكەن.

ئۇلار شۇ هالدا نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزۈپ، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ، بەللىرى مۈكچىيىشكە باشلىغان بولسىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈمىدىنى يوقاتماپتۇ. بىراق، خۇدا ئۇلارغا بىرەر پەرزەنتمۇ ئاتا قىلماپتۇ. ئۇلار قېرىپ ئىش ـ ئوقەتتىنمۇ قاپتۇ، كۈنى تېخىمۇ مۈشكۈللىشىپتۇ. ئاخىر ئۇلار شەهەرنى تاشلاپ، تاغ ئارىسىنى ماكان تۇتۇپتۇ ـ دە، ئوت ـ گىياهلارنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ياۋايى تۇرمۇش بوۋاي ـ موماينى تېخىمۇ هالسىزلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۆلەر هالەتتە يېتىپ خۇداغا نالە قىلىپ:

— ئاھ خۇدا، نېمىشقىمۇ دەردىمىزگە يەتمەيدىغانسەن؟! بىزگىمۇ سىگار كۆزۈڭنى سېلىپ قويساڭ بولمايتتىمۇ؟! — دەپ، قاتتىق يىغلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ نالىسىدىن تاغلار لەرزىگە كېلىپ، خادا تاشلار يېرىلىپ غۇلاپ چۈشۈپتۇ. خۇدانىڭمۇ

رەھمى كەپتۇ.

— خوپ، — دەپتۇ خۇدا ئۇلارغا، — مەن سىلەرگە ئۈچ قېتىم تىلەش ئىمكانىيىتىنى بېرەي، بىرى مومايغا، ئىككىسى بوۋايغا تەئەللۇق بولسۇن. كىم نېمىنى خالىسا سورىغان ھامان بەجا كەلتۈرەي، ئاۋۋال نېمىنى تىلەيدىغانلىقىڭلارنى ئوبدان كېلىشىۋېلىڭلار.

— مۇشۇ تاغنى تامامەن ئالتۇن قىلىپ بېرىشنى تىلەيدىلى، — دەپتۇ موماي نەپسىنى باسالمىغان ھالدا ئالدىراپ.

— ئىنساپلىق بولغىنىمىز تۈزۈك، — دەپتۇ بوۋاي مومايغا تەسەللى بېرىپ، — سەن سېغىپ ئىچكۈدەك بىر موزايلىق سېيىر تىلە، مەن تېرىقچىلىق قىلغۇدەك بىر ئاز يەر، سۇ تىلەي، شۇنىڭ بىلەن ئانچە - مۇنچە مىدىرلاپ يۈرۈپ ھال - كۈنىمىزنى ياخشىلىۋالايلى.

— ئانچە - مۇنچە مىدىرلاپ يۈرۈش؟ بۇ نېمە دېگەنلىرى ! — دەپتۇ موماي بوۋايغا توۋلاپ، — بۇ، تىرىكچىلىك يولىدا گاڭگىراپ يۈرگەنلەرنىڭ ئىشى. خۇدا ئۆزى بېرىشنى ۋەدە قىلغانىكەن، مەن قايتا جاپا چېكىدىغان يولنى تاللىمايمەن، مېنىڭ راھەت تەختىدە پۇت - قولۇمنى سۇنۇپ ياتقۇم بار.

بوۋاي موماينىڭ سۆزىگە يەنىلا قوشۇلماپتۇ، موماي ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ - دە، قاتتىق جاڭجاللىشىپ، بوۋاينى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ. موماينىڭ تەرسالىقىدىن رەنجىگەن بوۋاي بىرئاز خاراموش بولۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئەمما، قەدىناسلىق مېھرى بىلەن يەنە كۆڭلىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن موماينىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ مېڭىپتۇ.

غەزەپلەنگەن موماي ماڭا - ماڭا تاغدىن ھالقىپ بىر تۈزلەڭلىككە چىقىپ قاپتۇ. تۈزلەڭلىكتە ئۆزۈنغا سوزۇلغان ھارۋا يولى بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشاھنىڭ شاھزادىسى بىر توپ

كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىدە مەپگە ئۇلتۇرۇپ كېلىۋاتقانىكەن. مومايىنىڭ كۆزى شاھزادىگە چۈشۈپتۇ ـ دە، پەيلى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ ئارقىسىدىن ۋارقىراپ كېلىۋاتقان قەدىناسىغا قاراپمۇ قويـ ماي، خۇداغا تىلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ:

«ئى قۇدرەتلىك خۇدا، مەن شۇ تاپتا پەرىدىن قالغۇسىز شۇنداق چىرايلىق قىز بولۇشۇم كېرەككى، شاھزادە مېنى كۆرۈش بىلەن ئاشىقى بىقارار بولۇپ، مېنى ئۆز ئەمرىگە ئېـ لىش ئۈچۈن مەپىسىگە سېلىپ ئەكەتسۇن !»

مومايىنىڭ تىلىكى ئېغىزدىن چىقىشى بىلەن ئەجابەت بوپتۇ، شاھزادە ئۆزى ئۈچۈنلا يارىتىلغان بۇ پەرىزاتنى ھۆرمەت بىلەن مەپىسىگە سېلىپ ئەكېتىپتۇ. مومايىنىڭ كەينىدىن ھاـ سىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگەن بوۋاي ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىنتايىن خاپا بوپتۇ ـ دە، خۇداغا نالە قىپتۇ:

«ئى كارامەتلىك خۇدا، ئۇ ئار ـ نومۇسنى يوقاتقان دۆـ يۈزنى چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋېتەرسەن !»

شاھزادىنىڭ يېنىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي نازلىنىپ ئولـ تۇرغان پەرىزات شۇئان چوشقا سۈرىتىگە كىرىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق چۆچۈگەن شاھزادە توۋلىغىنىچە ئۇنى مەـ پىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ ـ دە، ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. چوشـ قىغا ئايلانغان موماي توپىغا مىلەنگىنىچە خارتىلداپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپتۇ. ئاقىۋەتتە بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا تاشلاپ، يىـ لىنغىنىچە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ:

— بولدى، كۆرگۈلۈكۈڭ مۇشۇ ئىكەن، ئاخىرغىچە مۇـ شۇنداق ياشا ! — دەپ ئەسكى كەپىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

چوشقا بولسا يالۋۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغىنىچە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەپتۇ. بوۋاينىڭ ئا-خىر ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇ خۇدا ئۆز ئىختىيارىغا بەر-گەن ئاخىرقى تىلىكىنى ئايالىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشكە ئىشلىتىپتۇ. موماي ئەسلىگە كېلىپ، قىلمىشىدىن ئەپسۇس-لىنىپ، زار - زار يىغلاپتۇ. بوۋاي ئۇنى جىمىلەپ شۇنداق دەپتۇ:

پەيلىگە يارىشا كۈن كۆرەر ھەركىم،
ياشالماس - يايرالماس ئۇنىڭدىن ئوشۇق.
شۇ بىر سۆز قېپقالسۇن بىزدىن ئەۋلادقا:
«نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.»

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



# ھۆرۈننىڭ بايلىقا ئېرىشىشى

بۆرۈن بىر ھۆرۈن بولغانىكەن، ھۆرۈن بولغاندىمۇ ئىش قىلىشنى زادىلا خالىمايدىغان، ئىشنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسا بېشى ئاغرىيدىغان، ئۆتۈپ كەتكەن ھۆرۈننىڭ ھۆرۈنىكەن. خوتۇنى ئىشقا ھەيدىسە، تىللاپ ئۇنىمايدىكەن. خوتۇنىمۇ ئاخىر ئامال قىلالماي، ھۆرۈننى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى ھۆرۈنغا نەسىھەت قىلىپ:

— سەنمۇ خۇدانىڭ بەندىسى بولغاندىكىن ئۆزۈڭ ھالال ئەمگەك قىلىپ، يەر تېرىپ جېنىڭنى باقساڭ بولمامدۇ؟ ! — دەپتۇ. ھۆرۈن:

— ئەجەبمۇ بېشىمنى ئاغرىتتا ! يەر تېرىساممۇ تېراي، بىراق نېمىدە تېرىيمەن؟ — دەپتۇ.

— قوشنىلارنىڭ كالىسىنى سورىۋېلىپ تېرىغىن، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم. ھۆرۈن تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ قوشنىسىنىڭ كالىسىنى سورىۋېلىپ يەر ھەيدىگىلى بېرىپتۇ، بىر ئاز ھەيدىگەندىن كېيىن قوش بىرنەرسىگە تاقاشقاندەك قېپتۇ، كالىسىنى توختىتىپ شۇنداق قارىسا، ئاتىنىڭ كاللىسىدەك بىرنەرسە چىقىپتۇ. بۇ نەرسە شۇنداق پارقىراق ئىكەنكى، يالت - يۇلت قىلىپ ھۆرۈننىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋېتىپتۇ. ھۆرۈن، بۇ نېمىدۇ؟ بىرەر ئادەمدىن سوراپ باقاي

دەپ، ئەتراپىغا قارىسا، يىراقتىن بىر ئادەم كېلىۋاتقۇدەك.

— ھوي ئاكا، تېزرەك بۇ ياققا كەلسىلە، — دەپ چاقىرىپتۇ. ئۇ ئادەم يېقىن كېلىشىگە، ھەي، بۇ بولاڭچىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، چاپىنىنى سېلىپلا ھېلىقى نەرسىگە يېپىپ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋاپتۇ - دە، ئۇ ئادەمگە:

— ماۋۇ ئىككى كالامدىن قايسىسى ئىلدامكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى ئادەم:

— ھەي، كالىنى سەن ھەيدىگەن تۇرۇپ ئۆزۈڭ بىلمىسەڭ، مەن نەدىن بىلەي، — دەپ ئاچچىقلىنىپ كېتىپ قاپتۇ.

ھۇرۇن، ئەجەب ئاسان قۇتۇلدۇما، دەپ ئەتراپىغا قارىسا يەنە بىر ئادەم كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىمۇ چاقىرىپتۇ - دە، يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنچ قىلالماي:

— ئاكا، مەن كەچكىچە قانچىلىك يەر ھەيدەرمەن؟ — دەپتۇ. بۇ ئادەمنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىپ:

— بۇنى سەن بىلمىسەڭ، مەن قانداق بىلىمەن؟ — دەپ غودۇڭشىپ تىللاپ كېتىپ قاپتۇ. ھۇرۇن، بۇنىڭدىنمۇ خېلى ئاسان قۇتۇلدۇم، ئەمدى كىمدىن سورىسام بولار، دەپ ئولتۇرۇپ، ھە راست، خاندىنلا سوراي، خاندا ئەقىل كۆپ بولىدۇ دەيدىكەن، دەپ ئويلاپ، ھەيدىگەن يېرىنىمۇ تاشلاپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ - دە، ئالدىراپلا يەنە تالاغا مېڭىپتۇ. خوتۇنى:

— تاماق پىشتى، يەۋېلىڭلا! — دەپتۇ. ھۇرۇن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ:

— قاراڭلا، خوتۇن، بۈگۈن ئېتىزدىن مۇنداق نەرسە تېپىۋالدىم، خانغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ باقاي دەيمەن، — دەپ ھېلىقى نەرسىنى خوتۇنىغا كۆرسىتىپتۇ. خوتۇنى قارىسا، ئالتۇن. خوتۇنى چاندۇرماي:

— ئەجەب پارقىرايدىغان نەرسىكىنا بۇ، ئەكېلىڭلا مەن

ئوبدانراق كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئېلىپ، ئېرىنىڭ تاماققا دوم چۈشكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئالتۇننى تىقىپ قويۇپ، ئورنىغا شۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى تاشتىن بىرنى چاپىنىغا چاندۇرماي يۆگەپ قويۇپتۇ.

ھۇرۇن تامىقىنى يەپ بولۇپ:

— ئەمىسە، مەن خاننىڭ ئالدىغا بارىدىغان بولۇپ قالدىم، — دەپ قويۇپ، چاپىنىغا يۆگەكلىك نەرسىنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ.

تاغ - داۋان ئېشىپ بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، خاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ - دە: «مەن خانغا بىر نەرسە ئەكەلدىم. خان بىلەن كۆرۈشەتتىم» دەپتۇ. ياساۋۇللار كىرىپ خانغا مەلۇم قىپتۇ. خان «كىرسۇن!» دەپ رۇخسەت قىپتۇ. ياساۋۇللار چىقىپ ھۇرۇننى ئوردىغا ئەكىرىپتۇ. خان:

— ھە، نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ. ھۇرۇن چاپىنىنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىنى ئېلىپ شۇنداق قارىسا، تاش تۇرغۇدەك.

ھۇرۇن، تووۋا، بۇ پارقىرايدىغان نەرسە تاشقا ئايلىنىپ كەتتىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، قورقىنىدىن تەرلەپ كېتىپتۇ. خان:



— ھە، نېمە، مۇشۇ تاشنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. ھۇرۇن دەرھال گەپ ياساپ:

— خان ئالىيلىرى، خوتۇنۇم بۇ تاشنى: «بەش قاداق كېلىدۇ» دەيدۇ.

مەن: «كەلمەيدۇ» دەيمەن. شۇنداق تالىشىپ قالدۇق. شۇڭا، سىلنى بۇ ماجىرانى ئايرىپ قويارمىكىن، دەپ كېلىۋىدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ خاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— بۇ مېنى ئەخمەق قىلغىلى كەلگەن نېمىكەن، ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاڭلار! — دەپتۇ. ياساۋۇللار ھورۇننى شۇ جايىدىلا باغلاپ ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ.

ھورۇن زىنداندا يېتىپ، مېنىڭ تاپقىنىم مۇنداق چوڭلۇقتىكى پارقىرايدىغان نەرسە ئىدى، بۇ قانداق بولۇپ مۇنداق چوڭلۇقتىكى قارا تاشقا ئايلىنىپ قالدى، دەپ قول ئىشارىتى قىلغاننى زىندان ياساۋۇللىرى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، پادىشاھقا:

— بۇ ئوغرى يەرنى غېرىچلاۋاتىدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، — دەپ خانغا مەلۇم قىپتۇ. خان ھەيران بولۇپ:

— ئۇنى ئاچىقىڭلار، مەن ئۆزۈم سوراپ باقاي، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللار ھورۇننى خاننىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ.

— سەن يەرنى غېرىچلاپسەن، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپتۇ. ھورۇن:

— بىزنىڭ ئۆيدىكى ئۆچكىنىڭ ساقىلى ئۇزۇنمۇ، خاننىڭ ساقىلى ئۇزۇنمۇ؟ دەپ غېرىچلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خان ئاچچىقىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ـ دە:

— ماڭا ھاقارەت كەلتۈرگەن بۇ ئەبلەخنى راسا ئۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار شۇئان ھورۇننىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، بوينىغا تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرنى باغلاپ راسا ئۇرۇپتۇ. ئاغرىققا پايلىمىغان ھورۇن:

— ۋاي، مەن راستىنى ئېيتاي، مېنى ئۇرماڭلار! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ھە، ئېيتە! — دەپتۇ ياساۋۇللار.

— پادىشاھنىڭ ئۆزىگە ئېيتىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ھو-

رۇن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەكىرىپتۇ. ھۇرۇن:

— پادىشاھىئالەم، بۇ گەپنى پەقەت قۇلاقلىرىغىلا دەيمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ قۇلىقىنى يېقىن ئاپىرىپ:

— ھە، ئېيتە، — دەپتىكەن، ھۇرۇن:

— ۋاي پادىشاھ، مەندەك بىگۇناھ ئادەمگە ماۋۇ سېسىق چۇلۇۋۇرنى باغلاپ ئۇرغۇزغان پادىشاھنىڭ ئۆزى ساراڭكەن، يالغان بولسا سوراپ باقسىلا، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ:

— بۇ بىر ساراڭ نېمە ئوخشايدۇ، ئۇرۇپ ھەيدىۋېتىڭلار! — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللار ھۇرۇننى ئۇرغان پېتى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ھۇرۇن شۇ قوغلانغانچە نەچچە ئولتۇرۇپ، نەچچە يېتىپ مىڭ بىر جاپادا ئاران دېگەندە ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. خوتۇنى:

— ئاران تەستە ئەقلىڭنى تېپىپ ئۆيگە يېنىپ كەپسەن-دە. ئەمدىلىكتە ئۆيىمىزدە ھەممە نەرسە تەل بولىدۇ، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمىز، — دەپ ھۇرۇننىڭ ئالدىغا خىلمۇخىل ئېسىل تاماقلارنى ئېتىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئۆمرىدە بۇنچىلىك لەززەتلىنىپ تاماق يەپ باقمىغان ھۇرۇن ئالدىدىكى تاماقلارنى تۈگىتىپ يەۋېتىپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەر-خوتۇنلار تۇرمۇشىنى توق، باياشات، ئوبدان ئۆتكۈزۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.



# بەخت قۇشى

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر دۆلەتمەن ئائىلە بولغانىكەن. بۇ ئائىلە كۆپ بالا ـ چاقىلىق، نەۋرە ـ چەۋرىلىك بولۇپ، ئۇزۇن زامان خۇشال ـ خۇرام، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەپتۇ. چۈنكى، بۇ ئائىلىگە بەخت قۇشى كېلىپ قونۇپ، ئۇزۇن يىل تۇرۇپ قالغانىكەن.

بىر كۈنى بەخت قۇشى شۇ ئائىلىنىڭ ئاقساقىلى بولغان بوۋايغا:

— مەن سىلەرنىڭ ئائىلەڭلاردا ئۇزۇن يىل تۇردۇم. بىر جايدا ئۇزۇن تۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ قالدىم، جاھاننى ساياھەت قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىن كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن. ئەمدى مەندىن سوراپ ئېلىپ قالىدىغان نەرسەڭلار بولسا سوراپ ئېلىڭلار، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ماڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بەرسىلە، مەن خوتۇنۇم، بالا ـ چاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىم بىلەن باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق جاۋاب بېرەي، — دەپتۇ بوۋاي.

بوۋاي خوتۇن ـ بالىلىرى، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بەخت قۇشىدىن سوراپ ئالىدىغان نەرسىلەرنى دېيىشكە باشلاپتۇ. بىر ئوغلى:

— تۆت تۇرلۇك چارۋا مال سورايلى، — دەپتۇ. يەنە بىر ئوغلى:

— ياق، يەر - زېمىن، سوقا - تۇگمەن، باغۋاران ئالاي-لى، — دېسە، يەنە بىر قىزى:

— كاتتا، خىلمۇخىل مال بىلەن تولغان دۇكان سوراي-لى، — دەپتۇ. كىچىك قىزى:

— ھەممىدىن ئېسىل نەرسە ئالتۇن - كۇمۇش، ئۇنچە - مارجان، بىز شۇنى سورايلى، — دەپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈن تالاش - تارتىش قىلىپ، ھېچ بىرلىككە كېلەلمەپتۇ.

بوۋاي ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، خىيال دەرياسىنى بويلاپ توختاپ:

— ھەي خوتۇن، بۇ مەسلىھەتكە قاتناشمىغانلار بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى:

— يېڭى كەلگەن كېلىن قاتناشمىدى، — دەپتۇ.

— ئۇنىمۇ چاقىرىڭلار، — دەپتۇ بوۋاي. شۇنىڭ بىلەن يېڭى كېلىن چاقىرىلغاندىن كېيىن، نەچچە كۈندىن بۇيان بولغان ئەھۋالنى كېلىنىگە ئېيتىپ:

— بەخت قۇشىدىن نېمىلەرنى سوراپ ئالساق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ. يېڭى كېلىن كۆپ ئويلانمايلا:

— بىز بەخت قۇشىدىن ئىتتىپاقلىقنى ئىنئام قىلىشنى سورايلى. ئىتتىپاق بولساق، ھەممە ئىشىمىز راۋاج تاپىدۇ، ئائىلىمىزگە بەرىكەت ياغىدۇ، جېدەل - ماجىرالاردىن خالىي بولۇپ، يەنىلا ھازىرقىدەك بەختلىك ياشايمىز، — دەپتۇ. بوۋاي ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

— مانا ئەمدى بەخت قۇشىدىن سوراپ ئالىدىغان ئەڭ-گۈشتىرىمىز تېپىلدى، — دەپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى بەخت قۇشى بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھە، سىلەر مەندىن نېمىنى سوراپ ئالماقچى بولدۇڭلار؟ — دەپتىكەن، بوۋاي:

— بىز سىلىدىن ئىتتىپاقلىقنى ھەدىيە قىلىپ كەتسىلە دېگەن ئىلتىماسنى قىلماقچى، — دەپتۇ. بەخت قۇشى:

— مېنىڭمۇ سىلەردىن ئەكەتمەكچى بولغىنىم دەل شۇ ئىتتىپاقلىق ئىدى، بۇنى يەنە سورىساڭلار مەن سىلەرگە بېرەي، مەنمۇ سىلەرنىڭ ئائىلەڭلاردىن كەتمەي، چۈنكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۆزى بەخت، مەن ئۇنى سىلەرگە تاشلاپ بېرىپ كېتەلمەيمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بەخت قۇشى بۇ ئائىلىدىن كەتمەي تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چوڭ ئائىلە يەنىلا بەختلىك، خۇشال - خۇرام، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىپتۇ.



# تۈت ساندۇق

بىر دېھقان ئېتىزدىن يېنىپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانىكەن، سودىگەر سىياقىدىكى بىر كىشى بىر ئېشەكنى ھەيدەپ كېلىپ قاپتۇ. ئېشەككە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈت ساندۇق ئارتىلغانىكەن. دېھقان قىزىقىپ ساندۇقنى ئالماقچى بولۇپ سودىگەردىن سوراپتۇ:

— ھەي سودىگەر، بۇ ساندۇقلارنى ساتامسەن؟

— نېمە ئوقەت قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ سودىگەر ياندۇرۇپ.

— دېھقانمەن، — دەپتۇ دېھقان راستىنى ئېيتىپ.

— دېھقان بولساڭ، ساتمايمەن ! — دەپتۇ سودىگەر.

— كىمگە ساتىسەن؟ — سوراپتۇ دېھقان ئۆزىنىڭ كۆزى چۈشكەن ساندۇقنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— سەن تۇتقان ساندۇقنىڭ ئىچىدە زالىملىق بار، بۇنى پادىشاھقا ساتىمەن، — دەپتۇ سودىگەر. دېھقان قولىنى ئىككىنچى ساندۇققا يۆتكەپ سوراپتۇ:

— بۇنىچۇ؟

— بۇ ساندۇقتا ئىلىم بار، — دەپتۇ سودىگەر، — ئالىملارغا ساتىمەن.

دېھقان بۇ سودىگەرنىڭ سۆزىگە ئەجەبلىنىپ، ئۈچىنچى

ساندۇقنى تۇتۇپ يەنە سوراپتۇ:

— بۇنى كىمگە ساتىسەن؟

— بۇ ساندۇقتا بېخىللىق بار، كىم ئەڭ باي بولسا شۇ-نىڭغا ساتىمەن، — دەپتۇ سودىگەر. دېھقان ئاخىرقى ساندۇق-نى تۇتقانىكەن، سودىگەر دېھقانغا قاراپ:

— بۇ ساندۇقنىمۇ تۇتما، بۇنىمۇ ساڭا ساتمايمەن، — دەپتۇ. دېھقان سوراپتۇ:

— بۇنى كىمگە ساتىسەن؟

— بۇ ساندۇقتا ھىيلە-مىكىر بار، بۇنى مۇشۇ ئالەم-دىكى قازىلارغا ساتىمەن، — دەپتۇ-دە، ئېشىكىنى ھەيدەپ كېتىپتۇ، دېھقان ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.



[General Information]
书名=维吾尔民间故事 16　维吾尔文
SS号=40250808